ئۆتۈكەن ماقالىلەر توپلىمى

# ئىراننىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە تارىخى

ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىران ھەققىدىكى يۈرۈشلۈك ماقالىلەر توپلىمى



ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى
ÖTÜKEN POLICY CENTER

# ئىراننىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە تارىخى

ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىران ھەققىدىكى يۈرۈشلۈك ماقالىلەر توپلىمى

ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى
ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى

## مۇندەرىجە

ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى (I) ........ 3
ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى (II) ........ 10
ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى (III) ........ 19
ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى سىياستى ........ 29

# ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى (I)

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-01-17)

ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى زامانىۋىلىشىش ئىسلاھاتلىرى، مۇستەبىتلىك، مىللەتچىلىك، غەربلىشىش، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە گۈللىنىش، دىنىي تەبەقىنىڭ قارشىلىقى، دىكتاتۇرلۇق، دىنىي ھاكىمىيەت قاتارلىق بىر قاتار ۋەقە ۋە جەريانلارنىڭ مۇرەككەپ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن جەرياندىكى خەلقنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقى ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ «ئۇ ئۇچتىن – بۇ ئۇچقا» كېلىپ-كېتىپ تۇرۇشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىران تىپىك «ئىنقىلابلار دۆلىتى» دۇر. زامانىۋىلىشىش تەرەپدارلىرى بىلەن دىنىي كۈچلەر پۈتۈن بۇ تارىخ ۋە جەرياندىكى ئىككى چوڭ كۈچ بولۇپ، بۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولغان خەلق ئاخىرىدا ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، خۇددى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاينىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغىنىغا ئوخشاش، ھەر دەۋردىكى دۇنياۋى چوڭ كۈچلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەسىرى ئاستىدىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىراننىڭ بۇ دەۋردىكى پۈتۈن تارىخىي مۇساپىسىدە ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە مۇھىم رول ئوينىغان.

## نىفىت : ھەم نېمەت ھەم لەنەت

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئىستراتېگىيەسىدە زور بۇرۇلۇش يۈز بەردى. خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى نېفىتنىڭ «يېڭى كۆمۈر» ئىكەنلىكىنى، يەنى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سۈرئىتى ۋە مۇساپىسى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. ئەنگلىيەنىڭ ئۆزىدە كۆمۈر مول بولسىمۇ، نېفىت جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرگە بېقىنماي ئامال يوق ئىدى. بۇ ئەھۋال لوندوننى مۇستەقىل ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ مەنپەئەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن، ئەنگلىيە پارس قولتۇقىدىكى ھەربىي ۋە دىپلوماتىك تەسىرىنى كېڭەيتىپ، يەرلىك شەيخلەر ئۈستىدىكى «ھامىيلىق» ئورنىدىن پايدىلىنىپ، كۈۋەيتنى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ بەسرە ۋىلايىتىدىن ئايرىپ چىقتى ۋە نېفىتلىك رايونلاردا ئىستراتېگىيەلىك تايانچ نۇقتىسى تىكلىدى.

1901-يىلى ئەنگلىيەلىك كانچىلىق ئىشلىرى زەردارى ۋىلىيام نوكس دارسى ئىراننىڭ قاجار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن مەخسۇس نېفىت مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. ئەينى ۋاقىتتا مۇزەففەرۇددىن شاھ يېتەكچىلىكىدىكى ئىران ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق گىردابىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۆز بايلىقىنى ئېچىشقا تېخنىكا جەھەتتىن ئىقتىدارى يەتمەيتتى. شۇنداقلا ئىرانلىقلار نېفىتنىڭ قىممىتىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى. شۇ

سەۋەبتىن، ئىككى تەرەپ ئىران يىللىق ساپ پايدىنىڭ پەقەت 16% كىلا ئېرىشىدىغان، ئەنگلىيە شىركىتى بولسا 84% گە ئىگە بولىدىغان «تەڭسىز» بىر كېلىشىم ئىمزالىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئەنگلىيە تەرەپ «ساپ پايدا» ئۇقۇمىنى ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بېكىتكەچكە، ئىران تەرەپنىڭ ئەمەلىي كىرىمى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى. بۇ تەڭپۇڭسىز تەقسىمات كېيىنكى ئىران ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مىللىي خورلۇقنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى.

نەچچە يىللىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، 1908-يىلى جورج رېينولدس ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەسجىد سۇلايماندا غايەت زور نېفىت قۇدۇقىنى بايقىدى. بۇ بايقاش «ئانگلو-پارس نېفىت شىركىتى» (APOC) نىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ شىركەت تېزلا ئىراننىڭ ئەڭ چوڭ ئىش بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورگىنىغا ۋە ئەنگلىيە خەزىنىسىنىڭ زور بايلىق مەنبەسىگە ئايلاندى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېقىنلاشقاندا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شىركەتنىڭ كۆپ قىسىم پاي ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە دۆلىتىنىڭ بىر تارمىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

## چوڭ كۈچلەرنىڭ كۆلەڭگىسىدىكى ئىراننىڭ تۇنجى دېمكراتىيە تەجرىبىسى

چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق چوڭ ئىمپېرىيەلەر دۇنياۋى پىلان تۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، ئىراندا 1906-يىلى «ئاساسىي قانۇن ئىنقىلابى» (Constitutional Revolution) دەپ ئاتالغان دېموكراتىك ھەرىكەت باشلاندى. بۇ ھەرىكەتنىڭ مىللەتچىلىك، دېموكراتىيە ۋە ئىگىلىك ھوقۇق پۈرىقى كۈچلۈك بولۇپ، چاررۇسىيەنىڭ قوللىشىدىكى شاھنى مەجلىس (پارلامېنت) قۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. دەسلەپتە، ئەنگلىيە دېموكراتىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى زورۇر بولغان ياردەملەر بىلەن تەمىنلىدى.

1906–يىلى ئىرانلىق سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە لىبېرال دىنىي زاتلاردىن تەركىب تاپقان 14 مىڭغا يېقىن نامايىشچى ئەنگلىيەنىڭ تېھراندىكى ئەلچىخانىسىنىڭ باغچىسىنى پاناھجاي قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ بۇنىڭغا يول قويۇشى ئىنقىلابچىلارنى شاھ قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇشىدىن ساقلاپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ پارلامېنت (مەجلىس) قۇرۇش تەلىپىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشىغا پۇرسەت ياراتتى. ئەنگلىيە بۇ ئارقىلىق قاجار سۇلالىسىنىڭ مۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قوللاۋاتقان چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىرىنى چەكلەشنى كۆزلىگەن ئىدى. بۇ باسقۇچتا «دېموكراتىيە» ئەنگلىيە ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ قورچىقىنى ئاجىزلىتىشتىكى بىر ۋاستە ئىدى.

لېكىن ياۋروپادا گېرمانىيەنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋەزىيەتنى تەتۈرگە بۇرىدى؛ بىر-بىرىگە ئەڭ كۈچلۈك رەقىب بولۇپ كېلىۋاتقان چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ئاسىيادىكى رىقابەتنى توختىتىپ، ئۆزئارا كېلىشىش قارارىغا كەلدى. 1907 – يىلى ئەنگلىيە-رۇسىيە شەرتنامىسى ئىمزالاندى ۋە ئىراندىكى ئىنقىلابنىڭ ۋەزىيىتىدىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى.

ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئىتتىپاقداش بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى رۇسىيەنى ئاجىزلىتىشتىن، يېڭى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدىغان «تىنچ ئىران»نى تىكلەشكە ئۆزگەردى. بۇنداق ئەھۋالدا لوندون موسكۋانى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىغا موھتاج بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، ئۇلار ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى يېڭى مەجلىسنى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مۇقىملىقىغا ۋە 1908-يىلى بايقالغان نېفىت مەنپەئەتلىرىگە تەھدىت دەپ قاراشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ۋە چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرىنى ئالمايلا، دۆلەتنى ئۆزئارا «مەنپەئەت دائىرىسى»گە

بۆلۈۋالدى. شىمالىي قىسمى (تېھراننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) رۇسىيەگە، جەنۇبىي قىسمى ئەنگلىيەگە تەۋە بولدى. دېموكراتىيە تەرەپدارى بولغان پارلامېنت كۈچلۈك مىللەتچىلىك روھىغا ئىگە بولۇپ، ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ «مەنپەئەت دائىرىسى»نى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىنقىلابچىلاردىن سوۋۇشقا باشلىدى.

ئىنقىلاب بۇ باسقۇچقا كەلگەندە باشتا ئىنقىلابنى قوللاپ كېلىۋاتقان شەيخ پەزلۇللاھ (فەزلۇللاھ) نۇرى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم مۇھاپىزىكار (كونسېرۋاتىپ) دىنىي زاتلار ئىنقىلابقا قارشى ئاكتىپلىشىشقا باشلىدى ۋە ئاساسىي قانۇن ۋە پارلامېنتقا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان پادىشاھنى قوللىدى. چۈنكى يېڭىدىن قۇرۇلغان مەجلىس (پارلامېنت) بېلگىيە ۋە فرانسىيە ئەندىزىسىگە تايىنىپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈشكە باشلاۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى نۇرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى «ئىنسانلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان» قانۇنلارنى ئىسلامنىڭ «ئاللاھ تەقدىم قىلغان» قانۇنلىرىغا بىۋاستە خىرىس قىلىش دەپ قارىدى. پەزلۇللاھ نۇرى پارلامېنت ۋە ئاساسىي قانۇننىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئاساسىي قانۇن دىنىي ئېتىقادنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارلىق پۇقرالارنىڭ باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. نۇرى بولسا بۇنى «كۇفرىلىق» دەپ ئەيىبلەپ، شەرىئەتنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. ئۇ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ دەپ قارىدى. شۇڭلاشقا، بىر تۈركۈم سىياسىيونلارنىڭ پارلامېنتتا ئولتۇرۇپ قانۇنلار ئۈستىدە ئاۋاز بېرىشىنى «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش» دەپ باھالىدى.

3. ئۇ ئەركىن مەتبۇئاتنىڭ سېكۇلارلەر ۋە «مۇرتەد» دەپ قارالغان ئېقىملارنىڭ ئىسلامنى تەنقىد قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىشىدىن ئەنسىرىدى.

نۇرى پارلامېنتنى غەربنىڭ «كۇفرىلىق» مەھسۇلاتى دەپ ئەيىبلىشى ۋە پارلامېنتنىڭ قانۇنىيلىقىنى ئىنكار قىلىشى ئەنگلىيەلىكلەرنى دېموكراتىك ھەرىكەتكە پىسەنت قىلماسلىق ئۈچۈن دىپلوماتىك باھانە بىلەن تەمىنلىدى. ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى نۇرىنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، «ئىران تېخى دېموكراتىيەگە تەييار ئەمەس، دۆلەتنىڭ دىنىي خاراكتېرى كونا تۈزۈمنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ جار سېلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە نىشان ھەرگىزمۇ دېموكراتىيەنى قوغداش ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيەنىڭ ئىراندىكى مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا نۇرى باشچىلىقىدىكى پارلامېنت ۋە ئاساسىي قانۇنغا قارشى مۇتەئەسسىپ گۇرۇھنى قوللاش مەنتىقلىق ئىدى. چۈنكى تېھراندىكى ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگانلىرى نۇرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىران خەلقىنى پارچىلايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. پارچىلانغان ئىراننى باشقۇرۇش بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك ئىراننى باشقۇرۇشتىن كۆپ ئاسان ئىدى.

ئەنگلىيە بۇ سەۋەبتىن باشتىكى مەيداننى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ پارلامېنت ۋە ئاساسىي قانۇن قوغدىغۇچىلىرىغا ئورا كولاشقا باشلىدى. ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرى تېھراننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش باشلىغاندا، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى پەردە ئارقىسىدا ھەرىكەت قىلىپ نۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى سېكۇلارلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قوغداپ قالدى. ئەنگلىيە يەنە نۇرىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا قارشى كىتابچىلىرىنىڭ تارقىلىشىغا ۋە ئۇنىڭ «شاھ ئابدۇلئەزىم» مازارلىقىدىكى قارشىلىق بازىسىنىڭ توسالغۇسىز پائالىيەت قىلىشىغا كۆز يۇمدى. نۇرىغا بىۋاستە «پارا» بېرىلگەنلىكى ھەققىدە تالاش-تارتىشلار بولسىمۇ، لېكىن نۇرىنىڭ ھەرىكىتىنى مالىيە جەھەتتىن قوللىغان

نۇرغۇن باي يەر ئىگىلىرى ۋە مۇھاپىزىكار سودىگەرلەر دەل ئەنگلىيە تايىنىدىغان يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە جەنۇبتىكى نېفىتلىكلەرنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى.

1908- يىلى شاھ رۇسىيە قوماندانلىقىدىكى «پارس كوزاك بىرىگادىسى»دىن پايدىلىنىپ پارلامېنتنى بومباردىمان قىلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى. ئەنگلىيە بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئەكسىچە، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى جىمىقتۇرۇشقا ياردەملەشتى. 1911-يىلى رۇسىيە مەجلىسنى تارقىتىۋېتىش ھەققىدە ئۇلتىماتۇم بەردى، ئەنگلىيە بۇ ئۇلتىماتۇمنى ئاكتىپ قوللىدى. ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى بىلەن رۇسىيە ئىراننىڭ شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ مەجلىسنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئىراننىڭ تۇنجى دېموكراتىيە سىنىقىنى ۋەيران قىلدى.

## رىزا شاھ پەھلىۋى: زامانىۋىلىشىش ۋە مۇستەبىتلىك

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، رىزا خان 1921-يىلى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە 1925-يىلى پەھلىۋى سۇلالىسىنى قۇردى. گەرچە دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىلەن جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئۈرنەك ئالدى ۋە ئاتاتۈرككە ئوخشاش، ئىراننى «غەربلىشىش» ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. رىزا خاننىڭ يېڭى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىغا ۋە ئاتاتۈرككە چوڭقۇر ھۆرمىتى بولۇپ، كۆپ ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ئاتاتۈركمۇ رىزا خاننىڭ ئىسلاھات پىلانلىرىغا ئىجابىي قارايتتى. رىزا خان ۋە ئاتاتۈرك بەزى مەكتۇپلاردا بىر-بىرىگە «قېرىنداشىم» دەپ خىتاب قىلىشاتتى. 1934- يىلى 10-ئىيۇندا رىزا خان تۈركىيەگە زىيارەتكە كەلدى ۋە زىيارەتنى بىر ئاي داۋاملاشتۇردى. ئۇ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىراننى تاشقى كۈچلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن خالىي، زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ مەركەزگە مەركەزلەشكەن مىللىي ئارمىيە، مائارىپ سىستېمىسى ۋە مەركەزلەشكەن بيۇروكراتلىق قۇرۇلما بەرپا قىلىشقا تىرىشتى. سېكۇلار ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقتى ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ رولىنى ئاجىزلىتىشنى مەقسەد قىلغان بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.



*رىزا شاھ ۋە ئاتا تۈرك*

ئىراننىڭ سىياسىي بىرلىكنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەربىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە يەرلىك كۈچلەرنى يوق قىلدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەت ھالقىغان تۆمۈر يوللار ياسالدى ۋە 1935-يىلى دۆلەت نامى «پارس» تىن «ئىران»غا ئۆزگەرتىلدى. 1935- يىلى تېھراندا تۇنجى ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت سالدۇردى.

ئاياللارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن مەكتەپلەرنى ئاچتى ۋە ئۇلارنى زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. 1936- يىلىغا كەلگەندە ھىجابنى چەكلىدى.

گەرچە ئۇنىڭ مەقسىدى ئىراننىڭ مۇستەقىللىقى، زامانىۋىلىشىشى ۋە گۈللىنىشى بولسىمۇ، ئۇ سىياسەتلەرنى مۇستەبىت ئۇسۇللار بىلەن ئىلىپ بارغان. ئۇنىڭ ھەربىيلىرى زوراۋان بولۇپ، كۈچى قانۇن تەرىپىدىن چەكلەنمىگەن، شۇنداقلا رىزا خان پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان، قارشى كۆز قاراشتىكىلەرنى باستۇرغان، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى چەكلىگەن ۋە بىر قانچە دىنىي لىدېرلارنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېقىن بيۇروكراتلىرىنى قولغا ئالغان ياكى سۈرگۈن قىلغان.

تاشقى سىياسەتتە ئەنگلىيە بىلەن بولغان سودىنىڭ ئادىل ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1932- يىلى ئانگلو-پارس نېفت شىركىتى بىلەن 1909-يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كېلىشىمنى بىكار قىلىپ ئەنگلىيەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئىقتىسادىي ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن. تېخىمۇ يامان بولغىنى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىراندىكى تەسىر دائىرىسىگە قارشى گېرمانىيەنى ئىرانغا باشلاپ كىرگەن ۋە 2- دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىدىغان 1939- يىللىرىغا كەلگەندە گېرمانىيە ئىراننىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولۇپ قالغان. ئىچكى جەھەتتىن خەلققە بولغان مۇستەبىتلىكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇش رىزا خانغا چوڭ باش ئاغرىقى ئىلىپ كەلدى.

## ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سىياسى سودا

2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىران ئۆز بىتەرەپلىكىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەنىڭ تەسىر كۈچىنى تازىلاپ چىقىرىش تەلىپىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلمەسلىكى ئەنگلىيەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. شۇنداقلا ئىراننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن ھالقىلىق بولۇشى ۋە ئامېرىكا ياردەم بۇيۇملىرىنىڭ سوۋېت فرونتىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك زۆرۈرىيىتى سەۋەبىدىن، سوۋېت ۋە ئەنگلىيە ئىراننىڭ بىتەرەپلىكىنى تونۇمىدى ۋە بىرلىكتە 1941-يىلى ئاۋغۇستتا ئىرانغا بېسىپ كىردى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر رىزا خاننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلاپ ئۇنىڭ ياش ئوغلى مۇھەممەد رىزا شاھ پەھلىۋىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. رىزا خان بولسا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يوھاننېسبۇرگ شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىندى ۋە 1944- يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولدى. 1943- يىلى ئىران گېرمانىيەگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بەدىلىگە چىرچىل، ستالىن ۋە رۇزۋېلت قاتارلىق ئۈچ كاتتىۋاش 11-ئايدىكى تېھران يىغىنىدا ئىراننىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە (پىلاندىكى) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزالىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىران ۋە ئەزەربەيجاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى رەت قىلىپ، قورچاق سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەلقئارالىق كىرىزىسىگە ئايلاندى. ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك دىپلوماتىك بېسىمى ۋە يادرو كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىشى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئىراننىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ساقلاپ قېلىندى.

## نېفتنى دۆلەتلەشتۈرۈش ۋە «ئاژاكس ھەرىكىتى»

1951- يىلى ئىراندا يەنە دېموكراتىيە چۈقانلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە مۇھەممەد موساددېق باشچىلىقىدىكى «مىللىي فرونت» ئارقىلىق قايتىدىن باش كۆتۈردى. مەجلىستىكى مىللەتچى كۈچلەر ئانگلو-ئىران نېفت شىركىتى تەستە ماقۇل بولغان پايدىنى 50% تىن تەقسىملەش تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىپ، نېفت سانائىتىنى دۆلەتلەشتۈرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە كونا ئىمتىياز كېلىشىملىرىنى «مۇستەملىكىچىلىك ئوغرىلىقى» دەپ ئەيىبلىدى. شاھ مەجلىسنىڭ بېسىمى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ نامايىشلىرى سەۋەبلىك ئەنگلىيەنىڭ دېگەن يېرىگە كېلەلمىدى. ئەكسىچە، مەجلىس ۋە خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن موساددېقنى باش مىنىستىر قىلىپ تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى. ئەنگلىيە بۇنىڭغا جاۋابەن دېڭىز مۇھاسىرىسىنى يولغا قويۇپ، ئىراندىن نېفت تېخنىكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئىرانغا خەلقئارالىق ئېمبارگو يۈرگۈزدى، ئەنگلىيەدىكى پۇللىرىنى توڭلاتتى. ئىران ئىقتىسادى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. موساددېق ئەنگلىيەنىڭ ئىراندىكى ئەلچىخانىسىنى تاقىدى. موساددېقنىڭ دۆلەتتىكى تەسىر كۈچى كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىدى.

ئەنگلىيە يەنە بىر تەرەپتىن موساددېقنى سوۋېت كوممۇنىستلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايتتى ۋە ئەسلىدە ئىران مىللەتچىلىرىگە ھېسداشلىقى بار ئامېرىكىنى «موساددېقنىڭ كوممۇنىزمغا مايىللىقى بار» دەپ قايىل قىلدى. پرېزىدېنت ئېيزېنخاۋېر 1953-يىلى «مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى (CIA)»نى ئىشقا سېلىپ شاھ ۋە باش قوماندان پەزلۇللاھ زاھىدى بىلەن «ئاژاكس ھەرىكىتى» نامىدا مەخپىي پىلان تۈزدى.

شاھ زاھىدىنى باش مىنىستىر قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا مۇساددېق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى رەت قىلدى ۋە شاھنىڭ ۋەكىلىنى قولغا ئالدى. شاھ بۇنى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىك دەپ جاكارلىدى. دەسلەپتە «ئاژاكس ھەرىكىتى» مەغلۇپ بولغاندەك قىلغان بىلەن، كېيىن خەلق قوزغىتىلدى ۋە شاھنىڭ قوغدىغۇچىلىرى غەلىبە قىلىپ موساددېق قولغا ئېلىنىپ 3 يىل كېسىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن 1967- يىلى ۋاپات بولغىچە ئۆيىدە نەزەربەنت قىلىندى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


- Abrahamian, E. (2013). The coup: 1953, the CIA, and the roots of modern U.S.-Iranian relations. The New Press
- Abrahamian, Ervand. 2009. «Mass Protests in the Islamic Revolution, 1977–79.» in Civil Resistance and Power Politics: The Experience of Non-violent Action from Gandhi to the Present, edited by A. Roberts and T. G. Ash. Oxford: Oxford University Press
- Afkhami, Gholam-Reza (2009). The Life and Times of the Shah. University of California Press
- Amanat, Abbas, (2017). Iran: A Modern History. Yale University Press
- Ansari, A. M. (2001). The Myth of the White Revolution: Mohammad Reza Shah, "Modernization" and the Consolidation of Power. Middle Eastern Studies, 37(3), 1–24. http://www.jstor.org/stable/4284172
- Ansari, A. M. (2007). Modern Iran: The Pahlavis and after. Pearson Longman

- Bonakdarian, M. (2006). Britain and the Iranian Constitutional Revolution of 1906–1911: Foreign policy, imperialism, and dissent. Syracuse University Press
- Curtis, G. E., & Hooglund, E. (Eds.). (2008). Iran: A country study (5th ed.). Library of Congress
- Dunn, J. P. (2023). Iranian Revolution. EBSCO Knowledge Advantage. https://www.ebsco.com/research-starters/history/iranian-revolution
- Elhan, N., & Karaoğlu, O. (2022). Uluslararası Dostluk Çerçevesinde Türkiye-İran İlişkileri: Mustafa Kemal Atatürk ve Rıza Şah Pehlevi. İran Çalışmaları Dergisi, 6(2), 203-226. https://doi.org/10.33201/iranian.1179401
- Katouzian, H. (2009). The Persians: Ancient, mediaeval and modern Iran. Yale University Press
- Kinzer, S. (2003). All the Shah's men: An American coup and the roots of Middle East terror. John Wiley & Sons
- Milani, A. (2011). The Shah. Palgrave Macmillan
- Yergin, D. (2008). The Prize: The epic quest for oil, money & power. Free Press
- Zhou, J. The party that toppled a dynasty and changed the Middle East forever. Young Diplomats Society, https://www.theyoungdiplomats.com/post/the-party-that-toppled-a-dynasty-and-changed-the-middle-east-forever


## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/01/17/iranning_siyasiy_tarixi_i/

ئۆتۆكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى
ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى

# ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى (II)

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-01-19)



## غەربكە ئېغىش ۋە شاھنىڭ ئاق ئىنقىلابى (1953–1978)

موسادىق تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئىراننىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن 45 مىليون دوللار ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى. 1953-يىلى ئەنگلىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتمۇ ياخشىلاندى. مۇھەممەد رىزا شاھ پەھلەۋى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قارشى كۈچلەردىن ئەنسىرەپ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا يېقىن تۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى. نېفتنىڭ پايدىسىنى 50% تىن بۆلۈشىدىغان بولدى.

1955-يىلى ئۆكتەبىردە، ئىران «باغداد ئەھدىنامىسى»گە ئەزا بولدى. مەزكۇر ئىتتىپاق ئىراق، تۈركىيە ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت «شىمالىي بەلۋاغ» دۆلەتلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلغان بولۇپ، ئەنگلىيە ئۇنىڭغا تولۇق ئەزا، ئامېرىكا بولسا قوللىغۇچى سۈپىتىدە قاتناشقان ئىدى. 1959-يىلى مارتتا، ئىران ئامېرىكا بىلەن ئىككى تەرەپلىك مۇداپىئە كېلىشىمى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈمىدىدە شاھ 1956-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغان بولسىمۇ، سوۋېتنىڭ تەشۋىقات ھۇجۇملىرى ۋە ئىراننىڭ غەرب بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى سەۋەبىدىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئىسسىنالمىدى. 1957-يىلى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ۋە ئىسرائىلىيە موسادىنىڭ ياردىمى بىلەن مەخپىي ساقچى تەشكىلاتى بولغان «ئىستىخبارات ۋە دۆلەت

بىخەتەرلىك تەشكىلاتى» (SAVAK) نى قۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى 25 يىلدا ئۇ ساۋاك ساقچى تەشكىلاتى ئارقىلىق ئۆكتىچىلەرنى باستۇردى.

شاھ ئەنگىلىيە بىلەن بولغان نېفىت كىرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىيان، ئىران خەلقىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىككى قۇتۇپلىششى قاتارلىق رېئاللىق بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ باش قېتىنچىلىقىدا قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىچكى سىياسەتتە قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تاللىدى. سايلام ۋە مەجلىس مەۋجۇت بولسىمۇ قاتتىق كونترول ئاستىدا تۇتۇلدى. مىللەتچى فرونتنى چەكلىدى، باشقا پارتىيەلەرنى باستۇردى. مەتبۇئاتلارنى چەكلىدى. باش ۋەزىرلىككە بولسا پەقەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىدىغان باش ۋەزىرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ۋەزىپىگە قويدى. ئىككى پارتىيەلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىككى ئەمەلدارنى ۋەزىپىلەندۈردى، ئەمما بىر پارتىيەنىڭ شاھقا سادىق كىشىلەردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇڭلاشقا بۇ پارتىيەلەر تېخىمۇ كەڭ سىياسىي ۋەكىللىككە بولغان تەلەپلەرنى قاندۇرالمىدى. 1960-يىلدىكى مەجلىس سايلىمىدا، ئومۇمىيۈزلۈك كۆز بويامچىلىق ئەيىبلەشلىرىنى بېسىقتۇرغىلى بولمىدى، نەتىجىدە شاھ سايلامنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. خەلق نارازىلىقى بولغان بولسىمۇ شاھنىڭ قاتتىق كونترول قىلىشى سەۋەبلىك چوڭ ئىش چىقمىدى.

دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىگە قارىتا ئامېرىكا پرېزىدېنتى جون ف. كېننېدى شاھنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بېسىم قىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئۆزگىرىش تەلىپىنىمۇ كۆزدە تۇتقان شاھ 1963-يىلى چوڭ بىر ئىسلاھاتقا ئاتلاندى. مەتبۇئات ئۈستىدىكى چەكلىمىلەرنى بوشاتتى، مىللىي فرونت ۋە باشقا سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويدى ھەمدە بىر تۈركۈم سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى چىرىكلىك بىلەن ئەيىبلەپ قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى. يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ بۇرۇنقى باي يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.

شاھ يەر تەقسىماتى پىلانى ئارقىلىق يېزا ۋە شەھەرلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئابرۇيىغا تايىنىپ، 1963-يىلى يانۋاردا ئالتە ماددىلىق تەدبىرنى ئومۇمىي خەلق ئاۋازىغا قويدى. يەر ئىسلاھاتىدىن باشقا، بۇ تەدبىرلەر خۇسۇسىي ساھەدىكى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ پايدىدىن بەھرىمەن بولۇشى، ئورمان ۋە ئوتلاقلارنى دۆلەتلەشتۈرۈش، يەر ئىسلاھاتىنى مالىيە جەھەتتىن قوللاش ئۈچۈن دۆلەت زاۋۇتلىرىنى سېتىش، ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ نازارەتچىلىك كېڭەشلىرىدە تېخىمۇ كۆپ ۋەكىللىككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەمدە ياشلارنىڭ يېزىلاردا ئوقۇش-يېزىش ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەش ئارقىلىق ھەربىي مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيدىغان «ساۋات چىقىرىش قوشۇنى»نى قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شاھ يەنە فېۋرال ئېيىدا ئاياللارغىمۇ سايلام ھوقۇقى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شاھ بۇ بىرىكمە ئىسلاھاتلارنى ئۆزىنىڭ «ئاق ئىنقىلابى» دەپ ئاتىدى. ئومۇمىي ئاۋاز نەتىجىسى ھېسابلانغاندا، ھۆكۈمەت بۇ پىلاننىڭ 99% يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قوللانغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئاق ئىنقىلاب 1958-يىلدىن 1963-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە مۇھەممەد رىزا شاھ پەھلەۋى تەرىپىدىن 1978-يىلغىچە يۈرگۈزۈلگەن، «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە» قاراپ ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب بولۇپ «قىزىل» (كوممۇنىستىك ياكى قانلىق) ئىنقىلابقا قارىمۇ-قارشى ھالدا، قان تۆكۈلمەيدىغان ۋە زوراۋانلىقتىن خالىي بولۇش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «ئاق» دەپ ئاتالغان.

ئىنقىلاب بىر قەدەر ئۇزۇل-كېسىل بولغان بولۇپ، دۆلەت مىقياسىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ يەرلەر بۇرۇنقى باي فېئودال تەبىقىدىن ئىجارىكەش دېھقانلارغا قايتا تەقسىم قىلىپ بېرىلىشى بىلەن ئەنئەنىۋى زېمىن

ئىگىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچى ئۈنۈملۈك ھالدا تارتىۋېلىندى. يەر ئىسلاھاتى قوش بىسلىق خەنجەر رولىنى ئوينىدى؛ بىر تەرەپتىن يېزىلاردا خەلق شاھتىن قاتتىق مەمنۇن بولغان بولسا، شاھنى كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقداشتىن ئايرىپ قويدى.

بۇ دەۋردە مائارىپ ساھەسىدە زور تەرەققىيات كۆرۈلدى؛ 1960-يىللارغا كەلگەندە، دۆلەت ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغۇچىلار سانى 17 مىڭغا، چەتئەلدە ئوقۇۋاتقانلار 15 مىڭغا يەتتى. ئىرانلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. زور تۈركۈمدىكى كەسپىي خادىملار، تېخنىكلار ۋە باشقۇرغۇچىلار قاتلىمى يېتىشىپ چىقتى. رادىئو قوبۇللىغۇچلارنىڭ سانى ئون ھەسسە كۆپىيىپ بىر مىليونغا يەتتى، تېلېۋىزور تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتى؛ 1962-يىلىغا كەلگەندە تېلېۋىزور كۆرۈرمەنلىرىنىڭ سانى 670 مىڭغا يەتتى.



شاھنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن «ئاياللارنىڭ ئازادلىقى» شۇئارى ئاستىدا ئاياللار سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقى بېرىلدى ھەتتا سايلامغا قاتناشتى. شاھ ئىران ئاياللىرىنى ئېنىق قىلىپ «ئەركىن ئاياللار» دەپ ئاتىدى، بۇ ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان «بۈيۈك مەدەنىيەت» ئۈچۈن (تىرىلدۈرمەكچى بولغان قەدىمكى پارس مەدەنىيىتىنى دېمەكچى) مۇھىم بولغان، ئىجتىمائىي ۋە ماددىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن نوپۇسنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئېقىشى مەيدانغا كەلدى ۋە نەتىجىدە ئاياللارنىڭ «ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش» «مەسئۇلىيىتى» دە ئۆزگىرىش بولۇپ شەھەرلەرگە ئىشلىگىلى بېرىشقا باشلىدى. مائارىپ ساھەسى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندى. چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان 15،000 ئىرانلىق ئوقۇغۇچى ئارىسىدا زور تۈركۈمدە ئاياللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي ساھەلەردە، تېخنىك بىلىملىرى، دىنىي ئىلىملەر ۋە باشقۇرۇش كەسپلىرىدە ئوقۇدى ۋە بۇ ساھەلەردە ئىشقا كىردى. ئىران ئاياللىرى ئارىسىدا يۈرۈش-تۇرۇش ۋە كىيىم-كېچەك كىيىش جەھەتلەردە غەرب ئۆرنەك ئېلىندى ھەتتا غەربنىڭ گۈزەللىك قارىشى ئىران ئاياللىرى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقالدى.

كۈتكەندەك شاھنىڭ ئىسلاھاتىغا ئەڭ چوڭ قارشىلىق دىنىي گۇرۇھلاردىن كەلدى. مۇھافىزىكار دىنىي زاتلار ئاق ئىنقىلابنى، بولۇپمۇ «يەر ئىسلاھاتى» ۋە «ئاياللارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشى» ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىشنى ئىسلامغا زىت دەپ جاكارلىدى ۋە رەت قىلدى. ئۆزلىرىمۇ چوڭ يەر ئىگىلىرى بولغان موللا-شەيخلەر ئىسلام قانۇنىدا شەخسىي مۈلۈك دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك، دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چوڭ زېمىنلارنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلارغا مەجبۇرىي تەقسىملەپ بېرىلىشىنى دىنىي قانۇن پىرىنسىپلىرىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىش دەپ دەۋا قىلدى. ئۇلار يەنە بۇ ئىسلاھاتلارنى پارلامېنت (مەجلىس) تارقىتىۋېتىلگەن بىر مەزگىلدە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلدى. يەنە بىر

تەرەپتىن، ئاياللار ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئاملىلار يەنى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشى دىنىي زاتلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان ئەڭ چوڭ پارتلاش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئۇلار بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىگە يول ئاچىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتى.



شاھ بۇلارغا قارشى مولللارنى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا «قارا رېئاكسىيە» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى تەرەققىياتقا توسالغۇ بولۇۋاتقان «ئوتتۇرا ئەسىر»نىڭ «فېئودال» كۈچلىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. بۇ خىل قاراش دىنىي كۈچلەرنىڭ تېخىمۇ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەملىكەتتىكى شىئە مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا يېتەكلەش قابىلىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىراننىڭ دىنىي لىدېرلىرى دۆلەتتە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىدى. «ئاق ئىنقىلاب»تا تەسىر كۆچى چەكلەنگەن دىنىي تەبىقە ۋە باشقا رادىكال دىنىي كۈچلەر ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي ئالىمى ۋە شاھنىڭ ئەشەددىي رىقابەتچىسى بولغان رۇھۇللاھ مۇساۋى خومېينىغا يۆلەندى. خومېينى شۇ چاغدا ئالللقاچان ئىران شىئە جەمئىيىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى دىنىي ئۇنۋان — «ئايەتۇللاھ»لىق مەرتىۋىسىگە ئىگە ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن شاھ قوزغىغان زامانىۋى ئىنقىلابنىڭ كەسكىنلىكى ۋە تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىشى بىر تۈركۈم ئىرانلىقلار ئارىسىدا نارازىلىق قوزغىغىنى ھەققەت ئىدى ۋە بۇلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق شىكايىتى ئىسلاھاتنىڭ «ئىران مەدەنىيىتىدىن يىراقلاپ كېتىشى» ئىدى. بۇ يەردە «ئىران مەدەنىيىتى» ھەققىدە شاھ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بىلەن قارشى چىققۇچى مۇھافىزىكارلار ئارىسىدا پەرق بار ئىدى. شاھقا نىسبەتەن «ئىران مەدەنىيىتى» قەدىمكى پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ مەدەنىيىتى ئىدى؛ قارشى تەرەپ دەۋاتقان «ئىران مەدەنىيىتى» بولسا ئىران — ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىسلاھاتنى تەرەققىيات يولىدىكى سەممىي بىر تىرىشچانلىق دەپ ئەمەس، بەلكى ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ۋە ئىراننىڭ مۇستەقىللىقىغا قىلىنغان بىۋاستە ھۇجۇم دەپ قارىغان.

1963-يىلى ئىيۇن ئېيىدا، ئايەتۇللاھ خۇمەينى ئىراننىڭ قۇم شەھىرىدە ھاكىمىيەتكە قارشى قاتتىق نۇتۇقلارنى سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى يەر ئىسلاھاتى ۋە ئاياللار ئەركىنلىكى ۋە غەربلىشىش بولۇپ، ئۇ ۋە باشقا دىنىي زاتلار بۇلارنى ئەنئەنىۋى ئىسلام ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق دەپ ئاتىدى. خومېينىنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن مىڭلىغان نامايىشچىلار كوچىلارغا سەلدەك ئاقتى. دۆلەت ئىچىدە شىددەتلىك ئۇچ كۈن توپىلاڭ يۈز بەردى. شاھ دۆلەت ئارمىيىسى ۋە يوشۇرۇن ساقچى تەشكىلاتى (SAVAK) نى ئىشقا سېلىپ بۇ توپىلاڭلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى... شاھ شۇ دەقىقىدە ھۆكۈمەت ئۆز رىقابەتچىلىرى ئۈستىدىن تامامەن غەلىبە قىلغاندەك كۆرۈندى. خومېينى 1964-يىلى قولغا ئېلىندى. شاھ خومېينىنى خەلقىنىڭ نەزەرىدە «شېھىت»قا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ئورنىغا سۈرگۈن قىلدى؛ ئۇ 1979-يىلى ئىرانغا قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىيە، ئىراق ۋە فرانسىيەدە سۈرگۈندە ياشىدى.

مۇھەممەد رىزا شاھ خومېينى ئۇستىدىن قازانغان غەلبىنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ مۇھاپىزىكار موللىلار بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن كېيىن شاھ پەيدىنپەي دىكتاتۇرلىششقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىرانلىقلار ئۈچۈن ساقلىنىپ قالغان ئازغىنە ۋەكىللىك ھۆكۈمەت ئۇنسۇرلىرىنىمۇ چۆرۈپ تاشلاپ، ئاخىرى 1971-يىلى بىر پارتىيەلىك دۆلەت تۈزۈمىنى تىكلىدى. بۇ مۇستەبىتلىك بارغانسىرى تايانچ بازىسى تارىيىپ، ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدىغان مۇنبەرلەردىن مەھرۇم قالغان مۇتەدىل ۋە سېكۇلار ئۆكتىچىلەرنى بارا-بارا رادىكاللىششقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى دىنىي لاگېرغا قوشۇلۇشنى تاللىدى. شىئە دىنىي زاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېنىق قاتلاملىق تۈزۈمى ئارقىلىق، بۇ كىشىلەرنى ۋە «بازارىلار» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سودىگەرلەرنى بىر تۇغ ئاستىغا جەم قىلىپ، زور بىر ئۆكتىچى كۈچ شەكىللەندۈردى.

شاھ دىكتاتۇر بولسىمۇ ئىراننىڭ ئىقتىسادى 1963-يىلدىن 1973-يىلغىچە يىلدا 11% سۈرئەت بىلەن ئېشىپ ماڭدى. بۇنىڭ سەۋەبى كەڭ كۆلەمدە نېفت ئىشلەپچىقىرىش ۋە «ئاق ئىنقىلاب»نىڭ ئىجابىي تەرەپتىكى تەسىرلىرى ئىدى. 1953-يىلى 34 مىليون دوللار بولغان نېفت كىرىمى 1975-يىلغا كەلگەندە 19 مىليارد دوللارغا يەتتى. ئىران دۇنيانىڭ 21-چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىسىگە ئايلاندى. بىر نەچچە يىلدا شاھنىڭ قولىدا قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە پۇل پەيدا بولدى. شاھ بۇ پۇللارنى بۇ مەبلەغلەر پولات-تۆمۈر، نېفت خىمىيە، ماشىنا سايمانلىرى قاتارلىق كۆپ خىل سانائەت ساھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتتى.

تېھران يەنە پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئومۇمەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئىران سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە باشقا قولتۇق ئەللىرى بىلەن چېگرا بېكىتىش كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى؛ سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىدە ھەمكارلىق ۋە ئۈچۈر ھەمبەھىرلىنىشنى باشلىدى ھەمدە يېقىندىن مۇستەقىل بولغان ئەمىرلىكلەرنى پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كېڭىشى ئارقىلىق تېخىمۇ قويۇق ھەمكارلىق ئورنىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

شاھ ئىراننىڭ پارس قولتۇقىدىكى رولىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، نېفت كىرىمىدىن پايدىلىنىپ ئىران قۇرۇقلۇق، ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنى كېڭەيتتى. شاھ ئەنگلىيە ئارمىيىسى رايوندىن چېكىنگەندىن كېيىنكى پارس قولتۇقى رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئىراننىڭ يېتەكچى رول ئويناشقا مەيلى بارلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى ئامېرىكا پرېزىدېنتى رىچارد نىكسوننىڭ بۇ رايونغا تۇتقان ئۇمۇدۋار پوزىتسىيىسى بىلەن تولۇق ماس كەلدى. 1969-يىلى ئېلان قىلىنغان «نىكسون خىتابنامىسى»دا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ رايون بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. نىكسون 1972-يىلى ئىرانغا قىلغان زىيارىتى جەريانىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قارارنى چىقىرىپ، شاھنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىغان مىقداردا ئامېرىكا قورال-ياراق ئامبىرىدىكى ھەر قانداق ئادەتتىكى (conventional) قورالنى سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. شاھ ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىشىنى ۋە باشقا ھەربىي پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشى ئۈچۈن ئىران تۇپرىقىدا ئىككى تىڭشاش نۇقتىسى (listening posts) قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا-ئىران ھەربىي ھەمكارلىقى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامغا يەتتى. 1970-يىللارغا كەلگەندە ئىران ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ قورال-ياراق خېرىدارى بولۇپ قالدى. ھەممىدىن بەك دىققەت تارتىدىغىنى ئىران ئامېرىكادىن F-14 Tomcat تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇ دەۋردە بۇ ئايروپىلان ئامېرىكا ۋە ئىراندىن باشقا دۆلەتنىڭ قولىدا يوق ئىدى. ئىران بۇ ۋاقىتتا رايونلۇق چوڭ كۈچكە ئايلانغان ئىدى.

## دۇنيانىڭ ئەڭ ھەشەمەتلىك مۇراسىمى

مۇھەممەد رىزا شاھ غەربلىشىش تەرەپدارى بولۇپلا قالماي يەنە ئىراننىڭ شانلىق ئۆتمۈشىگە، بولۇپمۇ پارس ئىمپېرىيەسىگە رومانتىزىملىق تۇيغۇسى بىلەن قارايتى ۋە پەخىرلىنەتتى. بۇ شانلىق تارىخنى تىرىلدۈرۈشنى ئىراننىڭ تېخىمۇ زامانىۋىلىشىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق دەپ قارايتى. ئۇ ئۆزىنى پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋارىسى دەپ قارايتى ۋە 1967-يىلى ئۆزىنى ئىمپېراتور دەپ ئاتىدى ۋە يېڭى كالېندار ئېلان قىلدى. 1971-يىلى، تەختتە ئولتۇرغىنىغا 30 يىل بولغان مۇھەممەد رىزا شاھ، پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمكى پايتەختى پېرسېپولىستا ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ 2500 يىللىق تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ مەقستى ئىراننىڭ قەدىمكى شانلىق تارىخىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان زور تەسەۋۋۇرنى دۇنياغا نامايان قىلىش ئىدى. ئىران بۇ مۇراسىمغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن 60 تىن ئارتۇق پادىشاھ جەمەتى ئەزالىرىنى ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنى تەكلىپ قىلدى.

1971-يىلدىكى پېرسېپولىسنىڭ تەرەققىياتى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە 160 گېكتار يەرنى قاپلىغان غايەت زور بىر «چېدىر شەھەرچىسى» قۇرۇلدى. تەشكىللىگۈچىلەر باغچىنىڭ مەركىزىدىكى فونتاننىڭ ئەتراپىغا، يۇلتۇز شەكلىدە تىزىلغان 50 ھەشەمەتلىك چېدىر ئورۇنلاشتۇردى، بۇ چېدىرلار فرانسىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن دەرەخلەر (باغچا بىزەشكە ئىشلىتىلىدىغان دەرەخلەر) ۋە گۈل-گىياھلار بىلەن بېزەلدى. مۇھىتنى تېخىمۇ جەلپكار قىلىش ئۈچۈن ياۋروپادىن 50 مىڭ ناخشىچى قۇش ئېلىپ كېلىندى. بۇ قۇشلارنى تىنچ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، رايوندىكى بارلىق يىلان ۋە زىيانلىق ھاشاراتلار پۈتۈنلەي تازىلاندى.

يەنە دۇنياغا داڭلىق مېھمانخانىچى ماكس بلۇئېت (Max Blouet) نىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر گۇرۇپپا 600 مېھماندىن تەركىب تاپقان 5 گۇرۇپپا مېھمانغا كۆپ تۈردىكى تائاملار بىلەن ئالتە سائەتتىن داۋاملاشقان داغدۇغىلىق زىياپەتلەر بېرىلدى؛ تاماقلار مەخسۇس «Spode» شىركىتىگە زاكاز قىلىنغان 10 مىڭ تال تەخسىدە تارتىلدى. مېھمانلار ئارىسىدا ئەنگلىيەنىڭ ئېدىنبۇرگ كىنەزى، موناكو مەلىكىسى گرېيس ۋە ئېفىيوپىيە ئىمپېراتورى خايلې سېلاسسىي قاتارلىق ئەزىز مېھمانلار بار ئىدى؛ ئۇلار 250 دانە قىزىل رەڭلىك «مېرسىدىس-بېنز 600» تىپلىق ماشىنىلار بىلەن توشۇلدى.



مۇراسىم كاتتا تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمى شاھ ۋە ئۇنىڭ خانىمى شاھبانۇنىڭ پاسارگادادىكى پارس ئىمپېراتورى بۈيۈك كىرۇس مەقبەرىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشى بىلەن باشلاندى. ئاندىن، تارىخىي لىباسلار كىيگەن 1724 ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن غايەت زور ھەربىي پاراد ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىراننىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيەلىرى نامايان قىلىندى. كېچىدە مەشھۇر كومپوزىتور يانىس شېناكىس (Iannis Xenakis)

تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «پېرسېپولىس پولتوپى» ناملىق فىلىم كۆرسىتىلدى. تېھراندىكى يېپىلىش مۇراسىمىدا شاھ ئۆزىنىڭ دادىسى رىزا شاھ پەھلەۋىنىڭ مەقبەرىسىدە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.



بۇ زىياپەتنىڭ ئومۇمىي چىقىمىنى ھېسابلاش قىيىن بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوردىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇنىڭغا شۇ ۋاقىتنىڭ پۇلى بىلەن 17 مىليون دوللار سەرپ قىلىنغان. بۇ مۇراسىم تا ھازىرغىچە شاھ دەۋرىدىكى ئىسراپچىلىق دەپ تەنقىد قىلىنماقتا. ئەمما بۇ ھەقتە، شاھنىڭ خانىمى فاراھ پەھلەۋى ئىنقىلابتىن يىللار كېيىن ئۆكۈنۈش بىلەن شۇنى تىلغا ئالغان: خەلقئارالىق تاراتقۇلار بۇ تەنتەنىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە سېلىنغان مىڭلىغان مەكتەپ ۋە يوللارغا سەل قاراپ، پەقەت ھەشەمەتچىلىكنىلا خەۋەر قىلغان. شاھمۇ مۇراسىمنىڭ زور چىقىمى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇ: «مەن ئەجىبا دۆلەت باشلىقلىرىنى نان بىلەن كۈتۈۋېلىشىم كېرەكمىدى؟» شەكلىدە جاۋاب بەرگەن.

ئەمما مەسىلە شۇكى، گەرچە ئىران ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەرەققىياتتىن ھەممە كىشى بەھرىمەن بولالمىغان. ئەلۋەتتە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بايلىقنى ھەممىگە تەڭ تەقسىملەپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا شاھ بۇ ئىقتىسادلارنى ئۇل مۇئەسسەسە، يول، قۇرۇلۇش، مەكتەپ ۋە ھەربىي سانائەتكە ئىشلەتكەن ئىدى. شۇڭا شۇ مەزگىلدە ئىران نوپۇسىنىڭ 54% تى نامراتلىق چېكىدىن تۆۋەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى؛ بولۇپمۇ جەنۇبتىكى تۆزلەڭلىك رايونلىرىدىكى يۇقرالار پاكىز سۇدەك ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلارغا ئېرىشەلمەيتتى. 2016-يىلى BBC تەرىپىدىن ئىشلەنگەن خەلقنىڭ نارازىلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر ھۆججەتلىك فىلىمدە بىر ئايال ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ بىر تال كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولۇپ، بۇ شاھنىڭ بايلىقنى تەقسىملەش مەسىلىسىدە خەلق تۇرمۇشىنى 2-پىلانغا ئىتتىرىپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

- Abrahamian, E. (2013). The coup: 1953, the CIA, and the roots of modern U.S.-Iranian relations. The New Press
- Abrahamian, Ervand. 2009. «Mass Protests in the Islamic Revolution, 1977–79.» in Civil Resistance and Power Politics: The Experience of Non-violent Action from Gandhi to the Present, edited by A. Roberts and T. G. Ash. Oxford: Oxford University Press
- Afkhami, Gholam-Reza (2009). The Life and Times of the Shah. University of California Press

- Amanat, Abbas, (2017). Iran: A Modern History. Yale University Press
- Ansari, A. M. (2001). The Myth of the White Revolution: Mohammad Reza Shah, "Modernization" and the Consolidation of Power. Middle Eastern Studies, 37(3), 1–24. http://www.jstor.org/stable/4284172
- Ansari, A. M. (2007). Modern Iran: The Pahlavis and after. Pearson Longman
- Bonakdarian, M. (2006). Britain and the Iranian Constitutional Revolution of 1906–1911: Foreign policy, imperialism, and dissent. Syracuse University Press
- Curtis, G. E., & Hooglund, E. (Eds.). (2008). Iran: A country study (5th ed.). Library of Congress
- Dunn, J. P. (2023). Iranian Revolution. EBSCO Knowledge Advantage. https://www.ebsco.com/research-starters/history/iranian-revolution
- Elhan, N., & Karaoğlu, O. (2022). Uluslararası Dostluk Çerçevesinde Türkiye-İran İlişkileri: Mustafa Kemal Atatürk ve Rıza Şah Pehlevi. İran Çalışmaları Dergisi, 6(2), 203-226. https://doi.org/10.33201/iranian.1179401
- Filseth, T. (2022, January 1). How America's F-14 Tomcats saved Iran from destruction. The National Interest. https://nationalinterest.org/blog/reboot/how-americas-f-14-tomcats-saved-iran-destruction-198710
- Katouzian, H. (2009). The Persians: Ancient, mediaeval and modern Iran. Yale University Press
- Kinzer, S. (2003). All the Shah's men: An American coup and the roots of Middle East terror. John Wiley & Sons
- Milani, A. (2011). The Shah. Palgrave Macmillan
- Yergin, D. (2008). The Prize: The epic quest for oil, money & power. Free Press
- Sciolino, E. (2005). Persian mirrors: The elusive face of Iran. Free Press
- Zhou, J. The party that toppled a dynasty and changed the Middle East forever. Young Diplomats Society, https://www.theyoungdiplomats.com/post/the-party-that-toppled-a-dynasty-and-changed-the-middle-east-forever
- Mohammed Nuruzzaman, (2019). The Iranian Revolution at 40: Shifting Grounds, Continuing Resilience, E-International Relations, https://www.e-ir.info/2019/03/14/the-iranian-revolution-at-40-shifting-grounds-continuing-resilience/

## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/01/19/iranning_siyasiy_tarixi_ii/


ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى
ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 1-ئاينىڭ 21-كۈنى

# ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى (III)

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-2-7)



## ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

شاھنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئىسلاھاتىغا قارشى ئۆكتىچى كۈچلەر 1970-يىللارنىڭ بېشىدا ئىران نۇرغۇن خىرىسلارغا دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت ئۈنۈمسىز ۋە چىرىك بولۇپ، شاھنىڭ يېقىنلىرى نېفت ئېكسپورتىدىن كەلگەن غايەت زور بايلىقتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، ئادەتتىكى ئىرانلىقلار نېفت دوللىرىنىڭ كەينىدىنلا كەلگەن پۇل پاخاللىقىدىن ئازاب چېكىۋاتاتتى. ئىككىنچىدىن، ئىران مىللەتچىلىرى 1970-يىلىغا كەلگەندە مەملىكەت ئىچىدە ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي خادىم ۋە خەلق مەسلىھەتچىسى تۇرغۇزغان ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە ئورنىغا بولغان نارازىلىقىنى كۈچەيتتى. ئاخىرىدا، چەتئەللىكلەرنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇشى ۋە يۇقىرى قاتلامنىڭ ھەددىدىن زىيادە باياشاتلىقى ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىلىرى مۇھاپىزىكار مۇسۇلمانلارنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئۇلار غەربچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئىسلامنى چىرىتكۈچى ئامىل دەپ قارىدى.

«ئاق ئىنقىلاب» بىلەن باشلانغان غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش گەرچە شاھ ۋە بىر قىسىم ئىران خەلقىنى مەمنۇن قىلغان بولسىمۇ، دىنىي تەبىقىنى ئاساس قىلغان يەنە بىر قىسىم ئىرانلىقلار بۇنىڭدىن شىكايەت قىلاتتى. يەنە بىر مەسىلە بولسا شاھنىڭ ئىنقىلابى زىيادە ئۇزۇل-كېسىل ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئەسلى شاھنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكلىرى بولغان يەر ئىگىلىرى ۋە يەرلىك كۈچلەر شاھ تەرىپىدىن ئىسلاھات دولقۇنىدا ھوقۇقى ۋە بايلىقىنىڭ تارتىۋېلىنىشى بىلەن ئەمدى خومېينى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شاھنىڭ ھەشەمەت تۇرمۇشى ۋە مۇستەبىتلىكى نارازىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى ۋە ئۆكتىچىلەرنىڭ رىئاللىق ۋە سۈيىقەست

نەزەرىيەلىرىنى (كومپلو تېئورىيەلىرى) ئايرىپ ئولتۇرماي شاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇلار زامانىۋىلىشىش جەريانىنى «مەدەنىيەت يىمىرىلىشى»نى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ، دەپ قارىدى شۇنداقلا «زامانىۋىلىشىش» دېگەن ئۇقۇمغا «غەربلىشىش» ۋە «تاشقى تەسىرنىڭ سىڭىپ كىرىشى» دەپ تەبىر بېرىپ جەمئىيەتتە ئۆچمەنلىك قوزغىدى. دىنىي تەبىقە يەنە 1953-يىلىدىكى CIA نىڭ «ئاژاكس ھەرىكىتى» نى تىلغا ئېلىپ شاھنى پىلانلانغان سىياسىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىنلا تەختتە ئولتۇرغان دەپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئارقىلىق «ئاق ئىنقىلاب» نى بىر مىللىي ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ بىر قورالى، غەربنىڭ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تېڭىلغان يات پروگرامما ۋە ئەنئەنىۋى زېمىن ئىگىلىرىنىڭ كۈچىنى سۇندۇرۇش مەقسىدىدە ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن شاھقا مەجبۇرىي تېڭىلغان ئىسلاھات دەپ ئاتىدى.

غەرب تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى كۆپ ساندىكى شىئە موللىلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى بىرلىككە كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. تەشكىللەش قابىلىيىتى يۇقىرى بولغان بۇ زاتلار «بازارى» دەپ ئاتىلىدىغان سودىگەر ئىتتىپاقداشلىرىدىن ماددىي مەنبە، ئىشىسىز قالغان ئاۋامدىن جەڭچى، ئايەتۇللاھ خومېينىدىن بولسا رەھبەرلىك كۈچىگە ئېرىشتى. سۈرگۈندە ياشىسىمۇ، خومېينى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئىراندىكى مۇرىت ۋە شەيخلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەرگىز ئۈزمىدى؛ تۈركىيە ۋە ئىراقتىكى نەجەف شەھىرىدە تۇرغان مەزگىلىدە، ئۇ شەخسىي مەكتۇپ ئەۋەتىش شۇنداقلا خۇتبە سۆزلىرىنى ئەرزان باھالىق لېنتىلارغا ئېلىپ ئىرانغا يوشۇرۇن كىرگۈزۈش ئارقىلىق كونسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلدى. خومېينى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىيلىقىنىڭ ئاللاھتىن كېلىدىغانلىقىنى ۋە جەمئىيەت جەزمەن تۈپتىن ئىسلاملىشىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن موللىلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى كونترول قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

1970-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىران ئىقتىسادى چېكىنىپ، شاھنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقان بىر پەيتتە، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ يېڭى پرېزىدېنتى جىممى كارتېر ئىلگىرىكى سىياسەتلەردىن ۋاز كېچىپ، شاھ ھۆكۈمىتىدىن ئىراندا كىشىلىك ھوقۇق ۋە پۇقرالار ئەركىنلىكىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى.

قارشى كۈچلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى نارازىلىقى، باي-كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، 1978-يىلىدىكى ئىران نېفت كىرىزىسىدىن كېلىپ چىققان پۇل پاخاللىقى، چىرىكلىك ۋە مۇستەبىتلىك شاھ ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلاشتۇردى. 1978-يىلى ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى. شاھتىن نارازى بولغان كوممۇنىستلار، سوتسىيالىستلار، مۇھافىزىكار مىللەتچىلەر ۋە ئىسلامچىلار شاھقا قارشى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلدى. بىر رادىكال ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسى ئاباداندىكى «رېكىس كىنوخانىسى» غا ئوت قويۇۋەتتى ۋە نەتىجىدە 400 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ۋەقە خەلق ئارىسىغا شاھنىڭ ئۆكتىچىلەرگە داغ سۈركەش ۋە باستۇرۇشنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخپىي ساقچى تەشكىلاتىغا قىلدۇرغان ئىشى، دەپ تارقىتىلدى. شاھ بۇ قېتىم ئۆكتىچىلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن بىر قىسىم دىنىي لىدېرلارنى قويۇپ بەردى، ئىمپېرىيە كالىندارىنى بىكار قىلدى، قىمارخانىلارنى تاقىدى. ئەمما بۇلار ئۆكتىچىلەرنى پەيلىدىن ياندۇرالمىدى. سېنتەبىردە نامايىش تېخىمۇ رادىكال تۈس ئالدى ۋە شاھنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا ئوق چىقىرىپ 87 كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ ۋاقىتتا خومېينى ئىراقتىن فرانسىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، پارىژنىڭ سىرتىدىكى نوفىل لې شاتو (Neauphle-le- Château) رايونىدا ئۆز شتابىنى قۇردى. ئۇنىڭ فرانسىيەگە كېلىشى خومېينى ۋە ئۇنىڭ

ھەرىكىتىنىڭ دۇنيا مەتبۇئاتلىرى ۋە تاراتقۇلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ يېڭى پۇرسەت ئىران ئىچىدىكى ياردەمچىلىرى بىلەن تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىشنى تېخىمۇ قولايلىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆكتىچىلەر ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلىق ماسلىشىشىغا شارائىت ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىراننىڭ سىياسىي ۋە دىنىي رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنى زىيارەت قىلىپ، بىۋاستە مەسلىھەتلىشىشىگە يول ئاچتى. «مىللىي فرونت» رەھبىرى سانجابى 1978-يىلى نويابىرنىڭ بېشىدا خومېينى بىلەن كۆرۈشۈپ خومېينىنىڭ شاھنى تەختتىن چۈشۈرۈش ۋە «دېموكراتىك ھەم ئىسلامىي» بىر ھۆكۈمەت تىكلەش تەلىپىگە رەسمىي سادىقلىقىنى بىلدۈردى.

سېنتەبىر ئېيىدىن باشلاپ، نېفت سانائىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاممىۋى ساھەدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر چوڭ كۆلەمدە ئىش تاشلاپ سىياسىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە كېلىپ 1978- يىلى يازغا كەلگەندە، دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تاشقى پېرېۋوت مەنبەسى بولغان نېفت ئىشلەپچىقىرىشى 80% تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى. دېمەك ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ جان تالاشماقتا ئىدى. شاھ 5-نويابىردا پۈتكۈل خەلققە خىتاب قىلىپ، «خەلق ئىنقىلابى» نىڭ بەرمەكچى بولغان سىگنالىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە بەردى. جەمئىيەتتىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىش مەقسىتىدە 132 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر ۋە ئەمەلدارنى قولغا ئالدى؛ يەنە خومېينىنىڭ سەپدىشى ئايەتۇللاھ ھۈسەيىن ئەلى مۇنتەزىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنى قويۇپ بەردى.

بىراق، خومېينى شاھنىڭ ۋەدىلىرىنى «ئەرزىمەس» دەپ رەت قىلدى ۋە نامايىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىردى. ئىش تاشلاشلار قايتا ئەۋج ئېلىپ، ھۆكۈمەتنى پۈتۈنلەي پالەچ قىلىپ قويدى. نامايىشچىلار بىلەن ھەربىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندى. 1978-يىلى 9- ۋە 10-دېكابىر كۈنلىرى تېھران ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشى ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلدى. شاھ ئۆكتىچى خەلققە كۈچ ئىشلىتىپ مەغلۇپ بولغاندىن پەھلىۋى خاندانلىقىنى قوغداپ قېلىشنى ئەۋزەل كۆردى ۋە 1979-يىلى 16-يانۋاردا ئۆز ئوغلىنى تەختكە چىقىرىپ ئىراننى مەڭگۈلۈك تەرك ئەتتى.

شاھ بىلەن قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاندا-ساندا شىددەتلىك جەڭلەر بىر ئاي داۋاملاشقان بولسىمۇ، فېۋرالدا خومېينى سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەندە شاھ تەرەپدارلىرىنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈل-كېسىل يوقالدى. ئۇ كۈنسېرى سانى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئۆكتىچى ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «قۇتقازغۇچى» سۈپىتىدە قارشى ئېلىندى. خومېينى فرانسىيەدىن بىر ئايروپىلاننى كىرا قىلىپ ئائىلىسى ۋە يېقىن ئادەملىرىدىن باشقا 100 دىن كۆپ خەلقئارالىق مۇخبىرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىرانغا ئېلىپ كەلدى. نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى «خەلق خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى» دەپ خەۋەر ئىشلىدى. خومېينىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئاللىقاچان پايتەخت تېھراننى ۋە كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلەرنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، ئۆز ھوقۇقىنى تېز سۈرئەتتە يېزىلارغا كېڭەيتىۋاتاتتى. خومېينى تەرەپدارلىرى قوراللىق كۈچلەر ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى شاھنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تازىلاپ، يۈزلىگەن ئادەمنى قەتلى قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلىدى.

ئەمدى ئىنقىلاب يېڭى بىر شەكىل ئالدى، دىنىي كۈچلەر بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ نىشان خومېينىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەش ئارزۇسى بىلەن ماس كېلەتتى. بۇ جەريان خومېينىنى ئۆمۈرلۈك «ئالىي رەھبەر» قىلىپ بېكىتكەن يېڭى ئاساسىي قانۇن بىلەن باشلاندى. ئۇ ئەمدى بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەش ۋە مەجلىسنىڭ (پارلامېنتنىڭ) ھەر قانداق قارارنى رەت قىلالايدىغان «نىگاھبانلىق كېڭىشى» ئەزالىرىنىڭ يېرىمىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

كونا تۈزۈمنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تىكلەندى. شاھنىڭ ۋاقتىدا مەجبۇرىي چەكلەنگەن ھجاب ئەمدى خومېينى تەرىپىدىن كىيىش مەجبۇرىي قىلىندى. بەلگىلىك دىنىي تېمىنىڭ سىرتىدىكى سىياسىي مۇنازىرىلەرگە يول قويۇلمىدى، ئىرانلىقلار غەرب مەدەنىيىتىدىن يىراق تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى، ھەتتا بۇنىڭغا مەجبۇرلاندى. يەنى ئىراندا پۈتۈن جەريان تەتۈرىگە ياندۇرۇلدى.

گەرچە كۆپ ساندىكى ئىرانلىقلار پادىشاھلىقنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى قارشى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھلىقنىڭ ئورنىغا دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ كېلىشىگە قارشى چىققۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. 1979-1980-يىللىرى ئارىلىقىدا، بۇ قارشىلىق ئىنقىلابنىڭ ئۆز ئىچىگە قاراپ بۇرۇلۇشى بىلەن سىياسىي ئىچكى نىزا ۋە زوراۋانلىقنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى. بىر يىل ئىلگىرىكى شاھنى ئاغدۇرۇش تىرىشچانلىقىدەكلا شىددەتلىك بولغان بۇ كۈرەش، مەركىزىي ھوقۇقنى ئاجىزلىتىپ، نۇرغۇن رادىكال گۇرۇپپىلارنىڭ گۈللىنىشىگە شارائىت ياراتتى. سولچىل سېكۇلارلار بۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلار موللىلارغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، بۇ 1980-يىلى مىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى

خومېينى يېتەكچىلىكىدىكى ئىسلام ئىنقىلابى تارىختىكى باشقا لىبېرال ياكى سولچىل ئىنقىلابلاردىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. مەسىلەن، 1789-يىلىدىكى فرانسىيە ئىنقىلابى ياۋروپا «ئاقارتىش دەۋرى»نىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق ئىدىيىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. رۇسىيە ۋە خىتاي ئىنقىلابلىرى بولسا ماركسىزملىق سېكۇلار روھ ئاستىدا، زۇلۇم قىلغۇچى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىلاردىن ئازاد بولۇشنى نىشان قىلغان ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىران ئىنقىلابى مەيلى مەزمۇندا بولسۇن ياكى شەكىلدە بولسۇن، پۈتۈنلەي ئىسلامىي بىر دىنىي ئىنقىلاب ئىدى.

بۇ ئىنقىلاب شىئە مەزھىپىدىكى «جاپا-مۇشەققەتكە چىداش»، «شاھادەت» پرىنسىپلىرى ۋە سېكۇلار پەھلىۋى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئىراننىڭ ئىسلامىي كىملىكى، نورمىلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش غايىسى ئەتراپىدا شەكىللەندى. ئايەتۇللاھ خومېينى «نە شەرق، نە غەرب، پەقەت ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن شۇئار ئارقىلىق ئىرانلىقلارنى قوزغىدى. ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سەپەرۋەر قىلدى.

بۇ ئىنقىلاب ئوتتۇرا شەرق رايونىدا 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن سېكۇلار سىياسىي يۈزلىنىشلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كەسكىن يوسۇندا ئۈزدى. 1923-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى ھەمدە ياۋروپاچە سېكۇلارلىك، ئۇلۇس دۆلەت ئۇقۇملىرىنىڭ رايونغا كىرىشى ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي تەرتىپىنى قايتىدىن بەلگىلىگەن ئىدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتاتۈركنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرا شەرقتىن ئۈزاقلىشىپ سېكۇلار زامانىۋىلىشىشنى قوغلىشىش ئارقىلىق سىياسىي سىستېما ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ياۋروپانى ئۈلگە قىلغان ئىدى. ئاتاتۈركنىڭ يولىنى تۇتقان ئىران شاھىمۇ ئىرانغا بەلگىلىك دەرىجىدە غەربلىشىش، سېكۇلارلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. خومېينىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابى بولسا رايون سىياسىتىدىكى بۇ سېكۇلار يۈزلىنىشنى رەت قىلدى ۋە سىياسەت ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىسلامىي ئېتىقادقا ئاساسلانغان بىر سىستېمىنى قەتئىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

خومېينىنىڭ نەزىرىدە، غەربنىڭ تەپەككۇرىدىكى بىلىم يارىتىش ۋە جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپىتىدە پەقەت ئىلمىي ئەقىلگە تايىنىش خاتا ئىدى. ئۇنىڭ پىكرىچە، سىياسىي تۈزۈم يەنى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە يېتەكلەشتە ئىلاھىي ۋەھىيلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي ئادالەت، ئىجتىمائىي ماسلىششچانلىق ۋە سىياسىي مۇرەسسە ئۈچۈن ئەخلاقىي ئۆيلىنىشنى ئاساس قىلىشى كېرەك ئىدى.

خومېينىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ مەركىزىدە «مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ۋە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن شۇئار ياتاتتى. ئۇ چۈشەندۈرگەن «مۇستەقىللىق» ئۇقۇمى ئىككى مۇھىم نۇقتىدىن تەركىب تاپىدۇ:

1) غەرب لىبېراللىزمىنىڭ ۋە شەرق سوتسىيالىزمىنىڭ (خىتاي ۋە روسىيەنىڭ دېمەكچى) ئىدېئولوگىيەلىك ئۈستۈنلۈكىنى رەت قىلىش.

2) دۆلەت ئىچى باشقۇرۇش ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى قايتىدىن لايىھەلەشتە ئىسلامىي ئىدېئولوگىيەلىك قائىدىلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق، ئىران ۋە مۇسۇلمان دۇنياسى ئىچىدىكى غەربنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش.

پەۋقۇلئاددە تارىخىي دەۋردە، يەنى 1970-80- يىللاردىكى ئىران ۋە دۇنيا سىياسىي ئاتموسفېراسىدا، ئىمپېرىيالىستىك ھۆكۈمرانلىقتىن ئازاد بولۇش، دۆلەت ئىچى ۋە تاشقى ئىشلاردا مۇستەقىل بولۇش، غەرب ۋە شەرقنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى رەت قىلىش، ئىسلامىي بولۇش، شۇنداقلا ھەقىقەتنى تېپىشتا ۋەھىينى ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇتۇش... قاتارلىق ئىدىيەلەر ئىراندا كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن جەلپكار ئىدى. يەنە كېلىپ خومېينى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇ ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى شەخسنىڭ مال- مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، بىر قاتار تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق بىر سىياسىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى. بۇ بەلكىم ئىران شىئە موللىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي مۇۋەپپەقىيىتى بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ھوقۇق ئىراننىڭ قۇم شەھىرىدىن چىققان دىنىي سەرخىللارنىڭ قولىدا بولسىمۇ شۇنداقلا ئىران خەلقىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ «دىنىي داھىي» نىڭ بىر جەمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ۋە شەكىل جەھەتتىن بولسىمۇ سايلام ۋە مەجلىسنىڭ بولۇشى بۇ جۇمھۇرىيەتنى شەخسىيلەشكەن ھاكىمىيەت ئەمەس بەلكى ئۆز مېخانىزمى بار سىياسىي سىستېمىغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

ئەمما ھاكىمىيەتنىڭ ھەم «ئىسلامىي» ھەم «جۇمھۇرىيەت» خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى بىر قاراشقا ياخشى بىر سىياسىي بىرىكىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، خەلقنى قايمۇقتۇرىدىغان، دۆلەتنى بولسا مەسىلىنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە ئىزاھلاش ئارقىلىق باستۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئىراننىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى «تېئوكراتىيە» (دىنىي ھاكىمىيەت) بىلەن «دېموكراتىيە»نىڭ پارادوكس خاراكتېرلىك بىرىكىشىدە ياتىدۇ.

ئاساسىي قانۇندا گەرچە پىكىر ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىك تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى «ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولۇش» دېگەن شەرت بىلەن چەكلەنگەن. تەھلىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر سۇيىئىستېمال قىلىنىشقا ئوچۇق قويۇلغان بولۇپ، بۇ خىل «تۈزاق ماددىلار» دائىم ھۆكۈمەتنىڭ ئۆكتىچىلەرنى «ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خىلاپ» ياكى «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت» دەپ باستۇرۇشى ۋە سىياسىي پائالىيەتچىلەرنى جىمىقتۇرۇشى ئۈچۈن قانۇنىي نىقاب بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. 1989- يىلى مارتتا، خومەينىنىڭ ۋارىسى ئايەتۇللاھ مۇنتەزىرى ئىران ئىسلام ھاكىمىيىتىنى مەتبۇئات چەكلىمىسى، سىياسىي

مەھبۇسلارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە ۋە تۈرمە شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە «شاھ دەۋرىدىكىدىنمۇ ناچار» دەپ ئاشكارا تەنقىد قىلدى. ئۇ يەنە خۇمەينىنى ئەركىن مۇنازىرىنى بوغۇپ تاشلاش ۋە جامائەت پىكرىدىن يىراقلىشىپ كېتىش بىلەن ئەيىبلىدى. بۇنىڭغا قارشى خۇمەينى ئۇنى رەھبەرلىك رولىغا ماس كەلمەيدۇ دەپ ۋارىسلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق جۇمھۇرىيەتكە ئائىت پرىنسىپلارنىڭ پەقەت ھاكىمىيەتكە ماس كېلىدىغان تەرىپىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە ھەرخىل ئىنقىلما بىرىش ئارقىلىق بۇلارنى چەيلەپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىران ئىسلام ئىنقىلابى ھۆرلۈك ۋە باراۋەرلىك شۇئارى بىلەن باشلىنىپ ئاخىرىدا، بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە شاھتىنمۇ مۇستەبىت بىر ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن 1989-يىلى مايدا خۇمەينى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن 1979-يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا بىر يۈرۈش چوڭ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى؛ بۇنىڭ مەقسىتى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش، رەھبەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاشۇرۇش ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئۈستىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ كونتروللۇقىنى مۇستەھكەملەش ئىدى.

يەنە كېلىپ ئىدېئولوگىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان تاشقى سىياسىتى ئىران ئىقتىسادىغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇ سەۋەبتىن ئىران ئىقتىسادى جەھەتتىنمۇ شاھنىڭ دەۋرىدىكى ھالەتكە ھەرگىز يېتەلمىدى. ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى دىكتاتۇرلۇق كۈنسېرى كۈچىيىپ ماڭدى ۋە نەتىجىدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى نورمال ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى ۋە ئىران يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 ئەتراپىدا كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان بىر دۆلەتكە ئايلاندى.

## ئىران-ئىراق ئۇرۇشى ۋە ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى

يېڭىلا قۇرۇلغان ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھەم شىئە ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەمدە ئىسلامىي بىر سىستېما دەپ تەشۋىق قىلىنغانلىقتىن رايونلۇق كۈچلەر ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ قاتتىق دىققىتىنى تارتتى. يەنە كېلىپ خۇمەينى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جىھادىي ھاكىمىيەت دەپ جاكارلىشى ۋە بۇ ئىنقىلابنى رايونغا ئېكسپورت قىلماقچى بولۇشى ئىراق باشچىلىقىدىكى سۈننىي مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلەرنىڭ سەزگۈرلىكىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئىران ۋە ئىراق ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر ئۇرۇش مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ جەريانىنى ۋە ئىرانغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر ئاز ئارقىغا قايتايلى.

1979- يىلى 22-ئۆكتەبىر، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان شاھ داۋالىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كەتتى. ئىنقىلابچىلار شاھنىڭ بۇ زىيارەتتىن پايدىلىنىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇرۇنۇشى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىدىن ئەنسىرىدى. (شاھ بولسا پانامادا پاناھلانغان ئىدى، ئەمما قايتۇرۇپ بېرىلىشتىن ئەنسىرەپ، 1980-يىلى مارتتا تۇيۇقسىز مىسىرغا كەتتى ۋە تۆت ئايدىن كېيىن ئۇ يەردە ۋاپات بولدى.) 1-نويابىر، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى باش مىنىستىرى مەھدى بارزگان ئالجىرىيەدە مۇستەقىللىق بايرىمى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقاندا، پىرېزىدېنت كارتېرنىڭ مىللىي بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى زبىگنېۋ بژېزىنسكى بىلەن كۆرۈشتى. شۇ كۈنى تېھراندا يۈز مىڭلىغان كىشى شاھنى قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى، مەتبۇئاتلار بولسا بارزگاننى ئامېرىكىنىڭ مۇھىم بىر ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىدى.

1979-يىلى 4-نويابىردا ئۆزلىرىنى «ئىمام يولىدىكى ئوقۇغۇچىلار» دەپ ئاتىغان بىر تۈركۈم خومېينى تەرەپدارى ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى ئىشغال قىلىپ، 60 تىن كۆپ دىپلوماتىيە خادىمىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە شاھنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1980-يىلى ئاپرېلدا، ئامېرىكا ئىراننىڭ شەرقىدىكى تەبەس يېقىنلىرىغا ئايروپىلان ۋە ئەسكەر چۈشۈرۈپ گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما مەغلۇپ بولدى. 1981-يىلى سېنتەبىردە، ئىران ھۆكۈمىتى غەربىي گېرمانىيەدە ئامېرىكا ۋەكىللىرى بىلەن يوشۇرۇن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە گۆرۈگە ئېلىنغان دىپلوماتلار 444 كۈن تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن 1981-يىلى 20-يانۋار، رونالد رېگان ئامېرىكا پرېزىدېنتى سۈپىتىدە قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن پەيتتە قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە، ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن توڭلىتىپ قويۇلغان 11 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق ئىران مەبلىغىنى قويۇپ بەردى. ئامېرىكا يەنە ئىراننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سودىلىششىنى خومېينى قوللىغۇچىلىرىغا ئامېرىكىدەك دۇنياۋى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنى باش ئەگدۈردۇق، دەپ تەشۋىقات قىلدى. بۇ تەشۋىقات ئىراندىكى دىنىي تەبىقە، مىللەتچى ۋە باشقا «ئىگىلىك ھوقۇقى تەرەپدارلىرى» نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

خومېينى بۇنىڭدىن كېيىنلا رادىكال سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ ئىنقىلابتىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى دۆلەتتىن تازىلاشقا كىرىشتى. جەمئىيەتتىكى تازىلاشتا بولسا سېكۇلار مىللەتچىلەر، كوممۇنىزمچىلار ۋە سوتسىيالىستلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سولچى پارتىزانلار ۋە مۆتىدىل دىنىي لىدېرلار تازىلاشنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىدى. تاشقى سىياسەتتە ئىسرائىلىيەنى قانۇنسىز دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى ۋە پەلەستىنگە ياردەم قىلىشنى مۇقەددەس بۇرۇچ دەپ جاكارلىدى. ئۇ يەنە پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب خەلقىنى ئامېرىكا قوللىغان «قورچاق رېجىملار»غا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى ئەمما بۇ چاقىرىق بەك پىسەنتكە ئېلىنمىدى. چۈنكى سۈننىي ئەرەبلەر خومېينىنىڭ ئىنقىلابىنى بىر شىئە ئىنقىلابى دەپ قارىدى. شىئەلىكتىكى ئاخىرقى ئىمام (ئىمام مەھدى) قايتىپ كەلگۈچە سىياسىي جەھەتتە سۈكۈت قىلىش ئەنئەنىۋى قارىشىغا سېلىشتۇرغاندا، خومېينىنىڭ «ۋىلايىتى فىقىھ» تەلىماتى شىئە دىنىي ئالىملىرىنىڭ ئىمام مەھدىغا ھەققىي ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى ۋە ئۇ قايتىپ كەلگۈچە كۈندىلىك سىياسىي-مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل دىنىي ئىزاھات سۈننىي ئەرەبلەر ئۈچۈن جەلپكار ئەمەس ئىدى. چۈنكى سۈننىي جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تەرتىپى تارىختىن بېرى خەلىپىلەر تەرىپىدىن، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بولسا پادىشاھلار، شەيخلەر، ئەمىرلەر ۋە تۈرلۈك دىكتاتورلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ كەلگەن ئىدى.

ئەمما خومېينىنىڭ «ۋىلايىتى فىقىھ» تەلىماتى ۋە ئىراندا بۇ تەلىمات ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شىئەلەر ياشايدىغان (ئاز ياكى كۆپ بولسۇن) ئەرەب دۆلەتلىرىنى قاتتىق ئەنسىرەتتى. ئۇلار ئىراقنى بۇ «شىئە تەھدىدى» گە قارشى بىر مۇداپىئە قورغىنى سۈپىتىدە قوللاندى.

ئىراق پرېزىدېنتى سادام ھۈسەيىن خۇمەينى رېجىمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە ئىراندا تېخىمۇ دوستانە بىر ھۆكۈمەت قۇرۇشنى نىيىتى بىلەن 1980-يىلى 22-سېنتەبىر قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادىن ئىرانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. يېڭى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بۆشۈكىدە ئوجۇقتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئەمما قىزىقارلىق بولغىنى بۇ ئۇرۇش ئەمەلىيەتتە بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇلىنى چىڭىتتى ۋە قۇرۇلۇشنى تاماملىدى. خومېينى ئىراققا قارشى جىھاد ئېلان قىلدى. ھەتتا 12-16 ياش ئارىسىدىكى مىڭلىغان ياشلارنىڭ قولىغا تەيۋەندىن (بەزى مەنبەلەردە خىتايدىن) سېتىۋالغان (مەنبەلەردە 500 مىڭ ئەتراپىدا دېيىلگەن) پىلاستىك ئاچقۇچنى «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» دەپ

تۆتقۇزدى ۋە ئالدىنقى سەپكە جەڭگە ۋە مىنا تازىلاشقا ئەۋەتتى. بۇ ياشلار شېھىت بولغاندا «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» بىلەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچاتتى ۋە ھەتتا ئائىلىسىنىمۇ ئۆزى بىلەن ئېلىپ جەننەتتە ياشايتى.

بۇ جىھاد چاقىرىقلىرىغا قوشۇلۇپ شاھ دەۋرىدىن قېپقالغان زامانىۋى قوراللار ئىراق بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن شاھتىن F-14 كۆرەشچى ئايروپىلاندىن 79 ى قېپقالغان بولۇپ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئالتە ئېيىدا ئاز دېگەندە 50 ئايروپىلان ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى ۋە ھاۋا ئۇرۇشىدا ئىراقنى مەغلۇپ قىلدى. ئىران بولسا پەقەت بىرلا ئايروپىلان زىيان تارتتى. 1982-يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر يۈرۈش ھۇجۇملار نەتىجىسىدە، ئىران ئىراق كۈچلىرىنى ئىران زېمىنىدىن تولۇق قوغلاپ چىقاردى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بەزىلەر چېگرادىن ئۆتۈپ ئىراققا كىرىشنى ۋە سادام ھۈسەيىن ئاغدۇرۇلغۇچە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى؛ يەنە بەزىلەر ھەربىي ھەرىكەتنى ئىران چېگرىسىدا توختىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىراققا كىرىش تەرەپدارلىرى غەلىبە قىلىپ، ئۇرۇشنى يەنە بەش يىل ئۇزارتتى. ئىران كۈچلىرى 1983-يىلدىكى ھۇجۇملاردا ئىراق زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىدى، 1985-يىلى ئىستراتېگىيەلىك بەسرە-باغداد تاشيولىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئاز قالدى. 1987-يىلى يانۋاردا، ئىران ئۆزىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ياخشى تەييارلانغان «كەربالا 5» ھەرىكىتى ئارقىلىق پورت شەھىرى بەسرەگە ئېغىر تەھدىت سالدى. بىراق، ئىرانلىقلار مۇتلەق غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. سادام ھۈسەيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە فرانسىيەدىن سېتىۋالغان ئايروپىلان ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بىلەن ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىراننىڭ نېفىت ئەسلىھەلىرىنى بومباردىمان قىلدى ھەمدە ئىران شەھەرلىرىگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە بومبا ھۇجۇمى باشلىدى. ئۇ يەنە ئىران قوشۇنلىرىغا قارشى زەھەرلىك گاز ئىشلەتتى.

ئىراننىڭ 1987-يىلى يانۋاردىكى ھۇجۇمى ختاي ۋە شىمالىي كورىيە شۇنداقلا يەنە ئامېرىكىدىن سېتىۋالغان قوراللار بىلەن مۇمكىن بولغان ئىدى. رېگان ھۆكۈمىتى 1985-1986-يىللىرى نىكاراگۇئادىكى كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرنى پۇل بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئىرانغا 2000 دىن ئارتۇق تانكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ھاۋا مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ساتقان. ئىران باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن «گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى ئالماشتۇرۇش» كېلىشىمى بىلەن ئىران ۋە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتقان ۋە بۇ قورالارنىڭ ئىرانغا سېتىپ بېرىلىشى ئەمەلىيەتتە بۇ ئالاقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئىران يەنە لىۋاندا گۆرۈگە ئېلىنغان ئۈچ ئامېرىكىلىقنى قويۇپ بەردى. بىراق، 1986-يىلى نويابىردا لىۋاننىڭ بىر ھەپتىلىك گېزىتىدە ئاشكارىلانغان بۇ مەخپىي كېلىشىم، ئىران ۋە ئامېرىكىدا زور تالاش-تارتىش پەيدا قىلدى ۋە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىراننىڭ ئىراق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ ئەرەب ئىتتىپاقداشلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىدىن ئەنسىرىگەن رېگان ھۆكۈمىتى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، سادام ھۈسەيىنگە ئاخبارات، ئىقتىسادىي ياردەم، بەزى قوراللار ۋە دىپلوماتىك جەھەتتىن مەدەت بېرىشكە باشلىدى. 1987-يىلى ئىيۇلدا، ئامېرىكىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئۇرۇش پاراخوتلىرى ۋە ئاۋئاماتكىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى، شۇنداقلا ئىران خەلقئارا قورال بازىرىدىن دېگۈدەك چەكلىنىپ قالغان بىر پەيتتە سادام ھۈسەيىنىنىڭ قوراللىنىش ئىقتىدارى، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئىرانغا قارشى ھالەتكە ئۆزگەرتىۋەتتى. 1988-يىلى ئاپرېل بىلەن ئىيۇل ئارىسىدا، ئامېرىكىنىڭ مەخپىي ياردىمى بىلەن، ئىراق كۈچلىرى ئىران قوشۇنلىرىنى ئىراق زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئىران زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. 1988-يىلى 18-ئىيۇلدا، ئىران ئاخىرى ب د ت نىڭ ھازىرقى ئورۇندا ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلغان 598-نومۇرلۇق

قارارنامىسىنى قوبۇل قىلدى. خۇمەينى بۇ قارارنى «مەن ئۇچۇن زەھەر ئىچكەندىنمۇ ئۆلۈمچى (ئاچچىق)» دەپ تەسۋىرلىدى.

تەخمىنەن بىر مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان ۋە سەككىز يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئۇرۇش، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى تۇتقۇن كرىزىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە بولغان قوللاشنى ئاشۇردى؛ بۇ قوللاش بولسا خومېينىنىڭ ئۆز رېجىمىنى مۇستەھكەملىشىگە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى يوقىتىشىغا ياكى سۈكۈتكە مەجبۇرلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان 1988- يىلىدا بولسا ئىران ھەم خومېينىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى بىلەن قوراللانغان ھەم ئۇرۇشتىن پىشىپ چىققان كۈچلۈك ئىنقىلابى بىر ھەربىي قوشۇنغا ئىگە بولدى. بۇ قوشۇن ئەلۋەتتە كەلگۈسىدە خومېينى ۋە ئىز باسارلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئىران يەنە ئىسلام ئىنقىلابىنى چېگرا سىرتىغا يېيىپ لىۋاندىكى شىئە سىياسىي ۋە ھەربىي تەشكىلات بولغان «ھىزبۇللاھ»نى يېتىشتۈرۈپ چىقاردى؛ بۇ تەشكىلات ئىسرائىلىيەگە تاقابىل تۇرۇش شۇئارى بىلەن تەرەققىي قىلدى ۋە كېڭەيدى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


- Abrahamian, E. (2013). The coup: 1953, the CIA, and the roots of modern U.S.-Iranian relations. The New Press
- Abrahamian, Ervand. 2009. «Mass Protests in the Islamic Revolution, 1977–79.» in Civil Resistance and Power Politics: The Experience of Non-violent Action from Gandhi to the Present, edited by A. Roberts and T. G. Ash. Oxford: Oxford University Press
- Afkhami, Gholam-Reza (2009). The Life and Times of the Shah. University of California Press
- Amanat, Abbas, (2017). Iran: A Modern History. Yale University Press
- Ansari, A. M. (2001). The Myth of the White Revolution: Mohammad Reza Shah, “Modernization” and the Consolidation of Power. Middle Eastern Studies, 37(3), 1–24. http://www.jstor.org/stable/4284172
- Ansari, A. M. (2007). Modern Iran: The Pahlavis and after. Pearson Longman
- Bonakdarian, M. (2006). Britain and the Iranian Constitutional Revolution of 1906–1911: Foreign policy, imperialism, and dissent. Syracuse University Press
- Curtis, G. E., & Hooglund, E. (Eds.). (2008). Iran: A country study (5th ed.). Library of Congress
- Dunn, J. P. (2023). Iranian Revolution. EBSCO Knowledge Advantage. https://www.ebsco.com/research-starters/history/iranian-revolution
- Elhan, N., & Karaoğlu, O. (2022). Uluslararası Dostluk Çerçevesinde Türkiye-İran İlişkileri: Mustafa Kemal Atatürk ve Rıza Şah Pehlevi. İran Çalışmaları Dergisi, 6(2), 203-226. https://doi.org/10.33201/iranian.1179401

- Filseth, T. (2022, January 1). How America's F-14 Tomcats saved Iran from destruction. The National Interest. https://nationalinterest.org/blog/reboot/how-americas-f-14-tomcats-saved-iran-destruction-198710
- Katouzian, H. (2009). The Persians: Ancient, mediaeval and modern Iran. Yale University Press
- Kinzer, S. (2003). All the Shah's men: An American coup and the roots of Middle East terror. John Wiley & Sons
- Milani, A. (2011). The Shah. Palgrave Macmillan
- Yergin, D. (2008). The Prize: The epic quest for oil, money & power. Free Press
- Sciolino, E. (2005). Persian mirrors: The elusive face of Iran. Free Press
- Zhou, J. The party that toppled a dynasty and changed the Middle East forever. Young Diplomats Society, https://www.theyoungdiplomats.com/post/the-party-that-toppled-a-dynasty-and-changed-the-middle-east-forever
- Mohammed Nuruzzaman, (2019). The Iranian Revolution at 40: Shifting Grounds, Continuing Resilience, E-International Relations, https://www.e-ir.info/2019/03/14/the-iranian-revolution-at-40-shifting-grounds-continuing-resilience/


## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/02/07/iranning_siyasiy_tarixi_iii/

ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى
ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى

# ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى سىياستى

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-2-15)



مەيلى قايسى خىل ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا باشقۇرۇلغان بولسۇن، جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورنى، كەڭرى زېمىنى، مۇنبەت تۇپرىقى ۋە قەدىمىي سىياسەت ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىران تارىختىن بېرى ئوتتۇرا شەرقتە كۈچلۈك بىر دۆلەت. باشتىكى ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى ھەققىدىكى ئۈچ يازمىمىزدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ئىراننىڭ زامانىۋى تارىخى ئاجايىپ ئەگرى-توقايلىققا تولغان، شۇنداقلا سىياسىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى بىر-بىرىگە تۈپتىن زىت بولغان ئىككى ئۈچنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ھازىر، بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامايىش باشلانغاندىن بۇيان، سىياسىي جەھەتتىن بىر ئۈچتىن (دىنىي ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا تايانغان تېئوكراتىك سىستېمىدىن)، يەنە بىر ئۈچقا (پەھلەۋى شاھ دەۋرىگە ئوخشايدىغان، سېكۇلار دېموكراتىك سىستېمىغا) قايتىشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرماقتا. گەرچە نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى يەنىلا ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىگە باغلىق بولسىمۇ، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىران ھەققىدە قانداق قارار ئالىدىغانلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى پاكىت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

ئىران، مەيلى بېسىپ ئۆتكەن سىياسىي سىستېما ۋە كۇلتۇرەل (مەدەنىيەت) ۋە كىملىك تالاش-تارتىشلىرى جەھەتتە بولسۇن، ياكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ نېگىزلىك ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بولسۇن، تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر دۆلەت. چۈنكى ئىران سىياسىي تارىخى دەۋرىمىزنىڭ قىزىق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان تېئوكراتىك باشقۇرۇش سىستېمىسى بىلەن سېكۇلار باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ، شۇنداقلا مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان رېئال تاشقى سىياسەت (ياكى رېئالىزم) بىلەن ئەخلاق ۋە ئىدېئولوگىيەنى ئاساس قىلغان ئىدېئالىزمنىڭ كۈچ سىنىشىش ۋە جەريان قىلىشىنى باشتىن كەچۈردى. بۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ قىزىق تېمىلار ئىكەنلىكىنى نەزەرگە

ئالغىنىمىزدا، ئىراننىڭ سىياسىي تارىخى بىز ئۈچۈن ۋاقىپ بولۇپ قويۇشىمىز پايدىلىق بولغان بىر تېمىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئىران ھەققىدىكى باشتىكى ئۈچ يازمىنىمۇ ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ يازمىلار 1900-يىللاردىن ئاساسەن بۈگۈنىمىزگىچە بولغان سىياسىي تارىخنى ئىخچاملىغان شەكىلدە بايان قىلغان. مەزكۇر يازما بولسا 1979-يىلى قۇرۇلغان ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈنىمىزگىچە بولغان تاشقى سىياسەت تارىخىنى ئانالىز قىلىدۇ.

بۇ يازما، تاشقى سىياسەت نېمىگە تايىنىدۇ؟ بىر دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟ ئىدېئولوگىيە (دىنىي نىشانلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق ۋە قايسىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ سۈرىيەدىكى ئەسەد ھاكىمىيىتى ئىران ئۈچۈن قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى؟ دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تېپىشىڭىزغا ياردىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## جىھادچى تاشقى سىياسەت (1979-1989)

1979-يىلدىكى ئىنقىلاب پەھلەۋى خاندانلىقىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئورنىغا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ھېچقايسى تەرەپكە تايانماسلىق پرىنسىپىغا ئاساسلانغان بىر باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى تىكلىدى. بۇ سىياسەت مەشھۇر «نە غەربكە، نە شەرققە، بەلكى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە» دېگەن شۇئاردا گەۋدىلەندى. بۇ تۇنجى ئون يىلدا، ئىران تاشقى سىياستى «جىھادچىلىق ۋىزيونى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى.

بۇ دەۋردىكى مۇھىم ئىدېئولوگلار «ئۈچىنچى يول» نى تەشەببۇس قىلدى. يەنى بۇ يول كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزم ئەندىزىلىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغان، دۇنيا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى (ئۇممەتنى) ئىجتىمائىي ئادالەت پرىنسىپى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈش يولى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە «ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنى ئېكسپورت قىلىش» رەسمىي تۈردە ئوتتۇرىغا چىققان. خۇمەينى بۇنى «ئېزىلگەنلەر»نى «ئەزگۈچىلەر»گە قارشى قوغدايدىغان دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئىران تاشقى سىياسىتىدە ئامېرىكا «چوڭ شەيتان»، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا «كىچىك شەيتان» دەپ قارالغان.

سودا ۋە ئىران-ئىراق ئۇرۇشى (1980–1988) رەھىمسىز بىر رېئاللىقنى ئاشكارىلىدى. ئۇرۇش دەسلەپتە ئىنقىلابنى ئىراققا كېڭەيتىش تىرىشچانلىقى بولسىمۇ، ئاخىرىدا توختاپ قالدى ۋە خۇمەينىنى ئۇرۇش توختىتىشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇ پەيت پراگماتىك بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بولدى؛ رېجىم ھايات قېلىش ئۈچۈن، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قوغداشنى دۇنياۋى ئىنقىلابىي نىشانلاردىن ئۈستۈن قويۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئىران-ئىراق ئۇرۇشى (1980–1988) ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ ئۇرۇش ئىراننىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئىنقىلابىي خىيالپەرەسلىك ھالىتىدىن، ھېسابلىق پراگماتىزم (ئەمەلىيەتچىلىك) ھالىتىگە ئۆزگەرتتى. نىكولاي كوزخانوۋ (Nikolay Kozhanov) نىڭ ئىران تاشقى سىياستى ھەققىدە يېزىلغان كىتابىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئۇرۇش ئىران ئۈچۈن بىر «رەھىمسىز رېئاللىق سىنىقى» بولغان ۋە ئىران ئىسلام رېجىمىنىڭ ھايات قېلىش ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرگەن.

مورتېزا مۇتاھھارىغا ئوخشاش ئىدېئولوگلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىران يېڭى رەھبەرلىك قاتلىمى، ئىسلام ئىنقىلابىنى ئىران چېگرىسى ئىچىگە چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك بولغان دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ ئىشىنەتتى. ئىراق بىلەن ئۇرۇش باشلانغاندا، ئىران رەھبەرلىكى بۇ ئۇرۇشنى ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئالتۇن پۇرسىتى دەپ قارىدى. ئۇلار ساددام ھۆسەيىننى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق، ئىلاھىي (ئىسلامىي) تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ دۇنياۋى (سېكۇلار) ۋە دىكتاتورلۇق تۈزۈملەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ دەپ ئىشەندى. خۇمەينى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئىراقتىكى شىئەلەرنىڭ سالدامغا قارشى قوزغىلىش تەييارلىقىغا يۇقىرى باھا بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى تېھراننىڭ يېتەكچىلىكىدە «بىرلەشمە مۇسۇلمان ئۇممىتى» قۇرۇش ئۈچۈن ئىران سېپىگە قوشۇلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى.

ئۇرۇشنىڭ رېئاللىقى ئىراننىڭ ئۇتوپىيەلىك (خىيالىي) تەسەۋۋۇرلىرىدىن كۆپ مۇرەككەپ ۋە رەھىمسىز بولۇپ چىقتى. تۆۋەندىكى بىر قانچە ئامىل ئۇلارنى ئىستراتېگىيەسىنى قايتا باھالاشقا مەجبۇر قىلدى:

1. خۇمەينىنىڭ «تولۇق غەلىبە» قىلمىغىچە ئۇرۇش قىلىش تەشەببۇسىغا قارىماي، توقۇنۇش ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى يېڭەلمەيدىغان قانلىق تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

2. ئىران ئۆزىنى بارغانسېرى يېتىم قالغان ھالەتتە ھېس قىلدى. ئىنقىلابىي ئىدىيەلەرنى كېڭەيتىش تىرىشچانلىقى ئىراننى قوشنىلىرىنىڭ نەزىرىدە «خەتەرلىك» بىر ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەر تېھراننى ئۆزلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت دەپ قارىدى.

3. ئىراق شىئەلىرىدىن كۈتۈلگەن ساددامغا قارشى قوزغىلاڭ ھېچقاچان يۈز بەرمىدى، بۇ «ئۆزلۈكسىز جىھادىي ئىنقىلاب» ئىدېئولوگىيەسىگە بېرىلگەن ئېغىر زەربە بولدى.

4. دۆلەت ئىچىدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەيرانچىلىق ئېغىر بولدى. 1977-يىلىدىن 1989-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، مىللىي دارامەت 20% تىن كۆپرەك تۆۋەنلىدى. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى سەۋەبىدىن، ئۇرۇش يىللىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم تەخمىنەن 50% ئازايدى. ئىقتىسادتا مەنپىي ئېشىش بارلىققا كېلىپ، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.4% لىك سۈرئەت بىلەن چېكىندى. 1988-يىلىغا كەلگەندە، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرىچە ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى 1978-يىلىدىكىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ رېئاللىقتىن ئىران موللا رېجىمى شۇنى تونۇپ يەتتىكى، پەقەت ئىدېئولوگىيەلىك سەۋەبلەر ئۈچۈنلا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش دۆلەت ئىچىدە ئىجتىمائىي پارتلاشقا سەۋەب بولۇپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى.

## تاشقى سىياسەتتىكى پراگماتىك بۇرۇلۇش

1988-يىلى، ئايەتۇللاھ خۇمەينى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 598-نومۇرلۇق قارارنامىسى ئارقىلىق ئۇرۇش توختىتىشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ قارارنى مەشھۇر سۆزى بىلەن «زەھەر

ئىچكەندىنمۇ ئېچىنىشلىق» دەپ تەسۋىرلىدى ۋە بۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

بۇ پەيت ئىران پراگماتىزمىنىڭ رەسمىي تۇغۇلغان ۋاقتى بولدى. «بۇ زەھەرلىك شارابنى ئىچىش» دۆلەت قارار چىقىرىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسۇلىنى مەيدانغا كەلتۈردى:

1. **دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش:** يەنى مەۋجۇت ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايات قېلىشى دۇنياۋى ئۇممەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىگە تايانغان «ئىسلامىي قۇتقۇزۇش» نىشانىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.

2. **ئېلاستىكلىق:** ئىران رەھبەرلىك قاتلىمى ئىدېئولوگىيەنىڭ يېڭى خىرىسلارغا ماسلىشىشى ۋە رېجىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشى ئۈچۈن مەسىلىگە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن قاتتىق، كەسكىن ۋە رادىكال قاراشتىن ئېلاستىكلىقا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

3. **پۇتۇن ئىسلامچىلىقتىن مىللەتچىلىككە كۆچۈش:** ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، رېجىم دىنىي شۇئارلاردىن خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا خىتاب قىلىدىغان مىللىي شۇئارلارغا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا ئىران تارىخىدا پەقەت «دىنىي قوغداش» ئەمەس، بەلكى «ۋەتەننى قوغداش»نى مەركەز قىلغان «مۇقەددەس مۇداپىئە» دەپ قايتىدىن تەبىر بېرىلدى.

ئەمما ئىراق بىلەن بولغان ئۇرۇش ئىران ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئۇلىنى چېكىتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش بىر تەرەپتىن ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سىياسىي مۇھىتنى يوق قىلسا، ئۇرۇشنىڭ دىنىي شۇئارلار ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى شىئە ئىسلام ئەقىدىسىگە تايانغان ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىك ۋە مەركەزلىك ئۇلىنى چېكىتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش ئىران خەلقىگە «ئۇلار»، يەنى دۈشمەن كىملىكى (ئىراق ھاكىمىيىتى) ياراتتى ۋە «ئۇلار» غا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش «بىز» يەنى «ئىرانلىق» كىملىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ دەۋردە بۇ كىملىك ئەلۋەتتە موللا رېجىمى تەرىپىدىن شىئە ئىسلام ئەقىدىسى رامكىسى ئىچىدە بەرپا قىلىندى ۋە سۇنۇلدى.

## ئۇممەتچىلىكتىن دۆلەتچىلىككە كۆچۈش: رافسانجانى دەۋرى (1989–1997)

1989-يىلدىن 2005-يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىران تاشقى سىياسىتىدە تۈپ بۇرۇلۇش بولغان بىر دەۋر بولدى. بۇ جەرياندا ئىران ئۆزىنىڭ تۇنجى ئون يىلدىكى جىھادچى خاراكتېردىكى ئىنقىلابىي يېتىملىكتىن، پراگماتىك قايتا سېڭىشىش ئەندىزىسىگە يۈزلەندى. ئايەتۇللاھ خومەينى ۋاپات بولۇپ، ئىران-ئىراق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەھبەرلىك قاتلىمى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايات قېلىشىنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىغا ۋە «ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىش» ئىدىيەسىنى يۇمشىتىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

پرېزىدېنت ئەلى ئەكبەر ھاشىمى رافسانجانى دەۋرىدە، ئىران «مۇستەقىل مىللىي تەرەققىيات» سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ سىياسەت دۇنياۋى كۈچلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ساقلاش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەت ئىچىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. بۇ رامكا ئىچىدە ئىراندا چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە رېئالىست سىياسەت يۈرگۈزۈلدى.

**1. ئىقتىسادىي قايتا قۇرۇش ۋە غەرب قىممەت قاراشلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان مەۋجۇت خەلقئارا سىستېمىغا سىڭىشىش:** رافسانجانى ئۇرۇش ۋەيران قىلغان ئىران ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەتئەلنىڭ تېخنىكىسى ۋە مالىيە مەبلىغىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئىلگىرىكى پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىنىش پرىنسىپىنى رەت قىلىپ، 36 مىليارد دوللار ئەتراپىدا خەلقئارالىق قەرز ئېلىشقا يولىنى ئاچتى ھەمدە گېرمانىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا شېرىكلىرىنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلدى.

**2. دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش:** ئىراننىڭ يېتىم قالغان ھالىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، رافسانجانى رايونلۇق مۇقىملىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. ئۇ 1991-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ رىيادنى رايونلۇق كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىدى. شۇنداقلا، ياۋروپا دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى، گېرمانىيە بۇ مەزگىلدە ئىراننىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكىگە ئايلاندى.

**3. ئۈممەتچىلىكتىن بەكرەك مىللەتچىلىككە تايىنىش:** بۇ دەۋردە «پۈتۈن ئىسلامچىلىق» تىن «ئىران مىللەتچىلىكى» گە بىر بۇرۇلۇش بولدى. باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ئۇرۇش ئاخىرلىشىشقا يېقىنلاشقاندا پۈتۈن ئىسلامچىلىق بايرىقى خەلقنى ئۇنۇملۇك سەپەرۋەر قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاجاۋۇزچىغا قارشى ۋەتەننى قوغداش ئىدىيەسى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىدى. نەتىجىدە، ئىران-ئىراق ئۇرۇشى دۆلەت تارىخىدا «مۇقەددەس مۇداپىئە» دەپ قايتىدىن چۈشەندۈرۈلدى ۋە ئاتالدى؛ بۇ ئارقىلىق نوقۇل دىنىي تۈيغۇدىن كۆرە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قوزغاش مەقسەت قىلىندى.

## خاتەمى دەۋرى (1997–2005): رافسانجانى سىياستىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە خەلقئارا سىستېمىنىڭ بىر پارچىسى بولۇش تىرىشچانلىقلىرى

مۇھەممەد خاتەمى ئىسلاھاتچىلارنىڭ زور قوللىشى بىلەن سايلاندى. ئۇ رافسانجانىنىڭ پراگماتىزمىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، دىپلوماتىيەدە تېخىمۇ ئېلاستىكلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خاتەمى «مەدەنىيەتلەر سۆھبىتى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ باراۋەرلىك، مەدەنىيەت كۆپ خىللىقى ۋە توقۇنۇشنى رەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر خىل يۇمشاق كۈچ قورالى ئىدى. بۇ دوكتىرىن ئىراننىڭ ئوبرازىنى «خەتەرلىك ئىنقىلابىي كۈچتىن، ئىجابىي خەلقئارالىق رولچىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئىدى.

ئىران بۇ دەۋردە خەلقئارانىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈچىدى. خاتەمى مەدەنىيەت ۋە ئاكادېمىك ئالماشتۇرۇشلار ئارقىلىق، «ساغلام» خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ زوراۋانلىقنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. بۇ تىرىشچانلىقلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى 1980-يىللاردىكى «ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىش» سىياسىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، تېھرانغا بولغان ئىجابىي كۆز قاراشنى كۈچەيتتى. خاتەمى رافسانجانى باشلىغان رېئال سىياسەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. مەسىلەن، 1997-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان تەخت ۋارىسى شاھزادە ئابدۇللاھنىڭ تېھراننى زىيارەت قىلىشى ۋە ئارقىدىنلا OPEC رامكىسى بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

**مەسىلە: قويۇندىكى خەنجەر ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئىشەنمەسلىك**

رافسانجانى ۋە خاتەمى دەۋرىدىكى مۆتىدىلىلىقتا قارىماي، غەرب (بولۇپمۇ ئامېرىكا) بىلەن تولۇق يېقىنلىشىشقا سىستېمىلىق ئىشەنچسىزلىك توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئىران دىپلوماتىيەدە ھەر قانچە ئىللىق چىراي بولۇشقا تىرىشىپ كەلسىمۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى دەپ قارىدى ۋە مەخپىي شەكىلدە يادرو قورال ياساشقا تۇتۇش قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن غەرب بىلەن بولغان يېقىنلىشىش مەسىلىسىدە ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك كۈچى بولغان موللىلار تەبىقىسى بىلەن پرېزىدېنتلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بار ئىدى.

2000-يىللارنىڭ بېشىدا ئىراننىڭ مەخپىي يادرو پروگراممىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىراننىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئېغىر زەربە بەردى. خەلقئارا جەمئىيەت تېھراننىڭ مۇستەقىل تەتقىقاتلارنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. بۇ ئامېرىكىدىكى قاتتىق قوللارغا ئېمبارگولارنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن باھانە بولۇپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر ئىككى پرېزىدېنت دەۋرىدە، ئالىي رەھبەر خامىنىي غەربنىڭ نىيىتىگە گۇمان بىلەن قاراشنى داۋاملاشتۇردى. خامىنىي بۇ مۇناسىۋەتتە بىر «رېپېر» ياكى «سوتچى» سۈپىتىدە رول ئوينىدى. ئۇ پرېزىدېنتلارنىڭ ئىقتىسادنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن غەرب بىلەن يېقىنلىشىشقا يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشنى يادرولۇق ئىدېئولوگىيەلىك تۈۋرۈكلەر دەپ قارىدى ۋە بۇلارنىڭ ھەرگىز تولۇق تاشلىنىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

**ئاخىرىدا** 2003-يىلىدىكى ئىراق ئۇرۇشى رايوننى تۇراقسىزلاشتۇرغان مۇھىم ئامىل بولدى. بۇ ئۇرۇش ئىراننىڭ رىقابەتچىسى سەددام ھۆسەيىننى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ بىۋاستە ئىران چېگرىسىغا جايلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالىي رەھبەر ئەلى خامىنىي بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلىشىشنى ئامېرىكىنىڭ تېھراندىكى رېجىمنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدىكى چوڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىدى ۋە ئىراننىڭ «مۇھاسىرىدىكى قەلئە» ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قارىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

2005-يىلىغا كەلگەندە، يادرو مەسىلىسىنىڭ ھەل بولماسلىقى ۋە ئىراق ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان رايونلۇق جىددىيلىك، نېئو-كونسېرۋاتىپ مەھمۇد ئەھمەدى نېجادنىڭ تەختكە چىقىشىغا ۋە تېخىمۇ قاتتىق چاقىرىق ۋە خىتابلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە يول ئاچتى.

## ئەھمەدى نېجادنىڭ پرېزىدېنتلىق دەۋرى (2005–2013): ئەسلىگە قايتىش

مەھمۇد ئەھمەدى نېجادنىڭ پرېزىدېنتلىق دەۋرى ئالدىنقى ئون يىلدىكى مۆتىدىل دىپلوماتىيەدىن تۇيۇقسىز بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ مەزگىل ئىنقىلابىي ئىدېئولوگىيە بىلەن قىزغىن مىللەتچىلىك ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان، يۇقىرى خەتەرلىك توقۇنۇشلار دەۋرىنى باشلاپ كەلدى.

2005-يىلى ئۆزىنى ئايەتۇللاھ خۇمەينى «يولى»نىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى دەپ ئاتىغان قاتتىق قول ئەھمەدى نېجادنىڭ سايلىنىشى «مەدەنىيەتلەر سۆھبىتى» دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئەھمەدى نېجاد ئۆزىدىن ئىلگىركى پرېزىدېنتلارغا ئوخشىمايدىغان ھالدا، 1980-يىللاردىكى قوپال تەنقىدىي ئىنقىلابىي تىلنى قايتىدىن جانلاندۇردى. بۇنىڭدا «ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئۆلۈم» دېگەندەك شۇئارلار ۋە غەرب رەھبەرلىرىگە يېزىلغان ئاشكارە نەسىھەت خەتلىرى گەۋدىلىك رول ئوينىدى.

ئۇنىڭ بۇ شۇئارۋاز پوزىتسىيەسى كۈچلۈك ئىران مىللەتچىلىكى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىدى. ئۇ يادرو تەتقىقاتى ھوقۇقىنى نوقۇل تېخنىكىلىق پروگراممىدىن مەركىزىي مىللىي ئىدىيەگە ۋە ئىراننىڭ غەربنىڭ «تەكەببۇرلۇقى»غا قارشى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇردى. يادرو تەرەققىياتىنى «ئىسلامىي تەرەققىيات ئەندىزىسى»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، خەلقنى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشقا زور كۈچ چىقاردى ۋە يادرو مەسىلىسىنى ئۆلۈسال كىملىكىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى.

2010-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 1929-نومۇرلۇق قارارنامىسىدىن كېيىن جىددىيلىك يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇ قارارنامە تېھرانغا قارىتىلغان خەلقئارالىق ئەڭ ئېغىر ئېمبارگولار ئۈچۈن قانۇنىي رامكا يارىتىپ بەردى. ب د ت نىڭ تەدبىرلىرى نىسبەتەن تار دائىرىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىران ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان بانكا، ترانسپورت ۋە ئېنېرگىيە ساھەلىرىنى نىشانلىغان قاتتىق بىر تەرەپلىمىلىك جازالىرىغا يول ئاچتى. بۇ تەدبىرلەر ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىراننى خەلقئارا مالىيە سىستېمىسىدىن ئايرىۋېتىش ۋە دۆلەت ئىچىدە نارازىلىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق تېھراننى يادرو سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئىدى.

تېھران ھايات قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرىنى بىر يۈرۈش ئوخشىمىغان شېرىكلەر تورى ئارقىلىق بۇ جازا تەدبىرلىرىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشقا قاراتتى. ئىران غەربنىڭ جازا ۋە قاماللىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن تۈركىيە، ۋېنېسۇئېلا ۋە بېلورۇسىيەگە ئوخشاش كىچىك سودا شېرىكلىرىدىن پايدىلاندى. مەسىلەن، تۈركىيە ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ يوللىرى بىلەن پورتلىرىنىڭ ئىرانغا كىرىدىغان ماللار ئۈچۈن ترانسپورت مەركىزى بولۇشىغا يول قويدى. ۋېنېسۇئېلا بولسا ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىدىكى مۇھىم شېرىككە ئايلىنىپ، تېھراننى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بېنزىن بىلەن تەمىنلىدى.

غەرب بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ قايتىدىن يامانلىشىشى بۇ قېتىم ئىراننى خىتاي، ھىندىستان ۋە كورېيە قاتارلىق شەرقنىڭ چوڭ كۈچلىرى بىلەن يېقىنلىشىشقا ئىتتەردى. غەربنىڭ ئېمبارگوسى سەۋەبىدىن «توتال» (Total) ۋە «شېل» (Shell) غا ئوخشاش ياۋروپا گىگانتلىرى ئىران بازىرىدىن چېكىنگەندە، ئىران ئۆز يۈزىنى خىتاي ۋە جەنۇبىي كورېيەگە بۇردى. 2012-يىلىغا كەلگەندە، خىتاي ئىراننىڭ ئاساسلىق بېنزىن تەمىنلىگۈچىسى ۋە جەنۇبىي پارس گاز كېنىغا ئوخشاش ئۆل ئەسلىھە تۈرلىرىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مەبلەغ سالغۇچىسىغا ئايلاندى. جەنۇبىي كورېيە ۋە ھىندىستان بولسا، ئامېرىكا دوللىرى ئاساس قىلىنغان مالىيە سىستېمىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، يەرلىك پۇللارنى (ۋون ۋە رۇپىيەگە ئوخشاش) قوللىنىش ياكى بارتېر (نېفتنى ئاشلىق ياكى گۆرۈچكە ئالماشتۇرۇش) سودىسى قىلىش ئارقىلىق ئىرانغا ياردەم بەردى.

2008-يىلى ئەھمەدى نېجاد «قۇرۇلمىلىق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش» (Constructive Interaction) سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامىدىن قۇرۇلمىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ غەربنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلاردىن قېچىپ، سىياسىي مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان رايونلاردا ئىراننىڭ تەسىرىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدىكى ئاكتىپ ئىستراتېگىيە ئىدى. بۇنىڭ مۇھىم بىر قىسمى لاتىن ئامېرىكىسىغا سىڭىپ كىرىش بولۇپ، ئىران ئىستراتېگىيەچىلىرى بۇنى ئامېرىكىنىڭ ئىراق ۋە ئافغانىستاندىكى ھەربىي تەسىرىگە قارىتا بېرىلگەن ئاسسىمېترىك ئىنكاس دەپ قارىدى. تېھران چاۋېزغا ئوخشاش رەھبەرلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق، ئامېرىكىغا ئۆزىنىڭ «ئارقا ھويلىسى»دا خىرىس قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مۇناسىۋەتلەردىن

پايدىلىنىپ يادرو پروگراممىسى ئۈچۈن مەنئۇى مەدەت ۋە ئىمبارگولارنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئەمەلىي يوللارغا ئېرىششنى مەقسەت قىلدى.

دۆلەت ئىچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىمبارگو دەۋرى ئىسلام ئىنقىلابىي مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ (IRGC) ئىقتىسادنى كونترول قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يول قويۇش ئارقىلىق ئىران ئىقتىسادىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. چەتئەل شىركەتلىرى نېفت، گاز ۋە ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىدىن ۋاز كەچكەندە، ھۆكۈمەت بۇ توختاملارنى رىقابەت خاراكتېرلىك خېرىدار چاقىرىش ئۆتكۈزمەيلا ئىنقىلابىي مۇھاپىزەتچىلەرگە قاراشلىق شىركەتلەرگە (مەسىلەن، خاتەمۇل ئەنبىيا شىركىتىگە) ئۆتۈنۈپ بەردى.

بۇ دەۋردە «يېرىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى» شىركەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بارلىققا كەلدى. بۇ شىركەتلەر رەسمىي جەھەتتە خۇسۇسىي بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي مۇھاپىزەتچىلەر ۋە باشقا كونسېرۋاتىپ گۇرۇھلار تەرىپىدىن كونترول قىلىناتتى. بۇ ئورۇنلار ئىمبارگولارغا قارىتا تېخىمۇ چىداملىق بولغانلىقى ۋە بىۋاستە دۆلەت ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى خۇسۇسىي كارخانىلارنى چەتكە قاققان ئىدى. بۇ جەريان ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادنى ھەربىيلەشتۈرۈپ، ئىراننىڭ «مۇھاسىرىدىكى قورغان» مۇھىتىنىڭ ئاساسلىق مەنپەئەتدارلىرىنىڭ ھەربىي ئېلىتلار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## ھەسەن رۇھانىي دەۋرى ۋە «مۇداپىئە زەنجىرى» (2013–2018)

ھەسەن رۇھانىنىڭ پرېزىدېنتلىق دەۋرى بىر-بىرىگە زىت بولغان مۇرەككەپ ئىككى يۆزلۈك خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ: بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەرب بىلەن دىپلوماتىك جەھەتتە قايتا بىرلىششكە تىرىشىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «مۇداپىئە زەنجىرى» ئارقىلىق ئىراننىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان، يۇقىرى دەرىجىدە ھەربىيلەشكەن رايونلۇق سىياسەت يۈرگۈزۈش.

ھەسەن رۇھانى 2013-يىلى ئەھمەدى نېجاد دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي باشقۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت ۋە يېتىم قېلىشتىن زېرىككەن ئىران خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن سايلاندى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى خەلقئارا ئىمبارگولارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ھەمدە پۇل پاخاللىقى بىلەن ئىشسىزلىق ئەۋج ئالغان دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىدى.

بۇ تىرىشچانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى 2015-يىلى ئىمزالانغان «يادرو كېلىشىمى» (JCPOA) بولدى. بۇ كېلىشىم بويىچە، ئىراننىڭ يادرو پروگراممىسى خەلقئارالىق قاتتىق كونترول ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورگىنىنىڭ (IAEA) نازارىتى ئاستىغا ئېلىنىش بەدىلىگە، ئىرانغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي ئىمبارگولار قىسمەن بىكار قىلىنىدىغان بولدى. گەرچە بۇ كېلىشىم دەسلەپتە رۇھانىينىڭ ئابروينى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ 2017-يىلى قايتا سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى چەكلىك بولدى. ئامېرىكا يادروغا مۇناسىۋەتسىز بولغان باشقا جازالارنى داۋاملاشتۇردى، بۇ ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا توسالغۇ بولدى. 2018-يىلى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشىمدىن چېكىنىشى ئىران ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسىنى يەنە بىر قېتىم مۈجمەللىك ئىچىدە قالدۇردى.

رۇھانىي دىققىتىنى يادرو مەسىلىسىگە قارىتىۋاتقان بىر پەيتتە، ئوتتۇرا شەرق «ئەرەب باھارى» ۋە «ئىراق-شام ئىسلام دۆلىتى»نى يەنى دائىش (ISIS) نىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلەن قايتىدىن شەكىللىنىۋاتاتتى. بۇ كرىزىسلار تېھراننى

ئەھمەدى نېجاد دەۋرىدىكى «يەر شارى خاراكتېرلىك» (لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقىغا يۈزلىنىشتىن) ئىستراتېگىيەلىك تاشقى سىياسەتتىن بارغانسېرى رايونلۇق ۋە ھەربىيلەشكەن تاشقى سىياسەتكە يۈزلىنىشكە مەجبۇرلىدى. ئىسلام ئىنقىلابىي مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئىراننىڭ ئىستراتېگىيەسى «مەدەنىيەتلەر سۆھبىتى»دىن بارغانسېرى ئاكتىپ ھەربىي مۇداخىلىگە ئۆزگەردى. بۇ بۇرۇلۇشنى ئالىي دىنىي رەھبەرنىڭ كونسېرۋاتىپ گۇرۇھى تەرىپى قوللىدى. ئۇلار ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى پەقەت ئۆز تەسىر كۈچىنى دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىش ئارقىلىقلا ھايات قالالايدىغان «مۇھاسىرىدىكى قەلئە» دەپ قاراشنى داۋاملاشتۇردى.

### «مۇداپىئە زەنجىرى» دوكتىرىنى (The Chain of Defense Doctrine)

ئىراننىڭ تەسىر كۈچىنى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىگە نەزەرىيەۋى ئاساس يارىتىش ئۈچۈن، ئىران رەھبەرلىكى «مۇداپىئە زەنجىرى» دوكتىرىنىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىستراتېگىيەگە ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ ئۇلۇسال بىخەتەرلىكىنىڭ ئالدىنقى سېپى دۆلەتنىڭ فىزىكىلىق چېگرالىرىدا ئەمەس، بەلكى لىۋان، سۈرىيە، ئىراق ۋە يەمەندە ئىدى. ئىران ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر بىرى رايونلۇق ۋە خەلقئارالىق رىقابەتچىلەرگە، بولۇپمۇ ئاساسلىقى ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا قارشى تۇرىدىغان ئالدىنقى ھەربىي بازىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ دوكتىرىن بويىچە، ئىراننىڭ بۇ تۆت دۆلەتنىڭ ھەر قانداق بىرىدىكى تەسىرىنىڭ ئاجىزلىششى، تېھراننىڭ رايونلۇق تەسىرى ۋە گېئوپولىتىكىلىق مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئېغىر سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

«ئەرەب باھارى» تۈرتكىسىدە 2011-يىلى سۈرىيەدە پارتلىغان ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭلار ئىراننى سۈرىيەگە باشلاپ كىردى. ئىراننىڭ «قارشىلىق كۆرسىتىش ئوقىنى» (ئىران، سۈرىيە ۋە ھىزبۇللاھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوللىشى ئىستراتېگىيەلىك بىر تاللاش ئىدى. 2014-يىلى «ئىراق-شام ئىسلام دۆلىتى» (ISIS) تەشكىلاتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىراننى ئىراقتىكى جەڭلەرگە ئاكتىپ قاتناشتۇردى ۋە ئۇنى ئامېرىكا بىلەن ئوخشاش بىر ئىستراتېگىيەلىك سەپكە تىزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىراننىڭ تەسىر دائىرىسى باغداد ۋە دەمەشىق ئارقىلىق پارس قولتۇقىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە كېڭەيدى. ئىران قوشۇنلىرى ۋە ۋەكىل قوراللىق كۈچلىرى/تېررور تەشكىلاتلىرى ئىراق، يەمەن، لىۋان ۋە سۈرىيەگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئېلىپ بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەربىي ھۇجۇمغا قارشى مۇداپىئە زەنجىرى شەكىللەندۈردى.

### سۈرىيە: «ئالتۇن ھالقا» ۋە «كۆۋرۈك»

بۇ زەنجىر ئىچىدە سۈرىيە ئەڭ ھالقىلىق ئورۇننى ئىگە ئىدى. ۋىلايىتى قاتارلىق ئىران ئىستراتېگىيەچىلىرى سۈرىيەنى مۇداپىئە سېپىنىڭ «ئالتۇن ھالقىسى» دەپ تەسۋىرلىگەن. سۈرىيە تېھراننى لىۋان (بولۇپمۇ ھىزبۇللاھ) ۋە پەلەستىن بىلەن باغلايدىغان ھاياتلىق «كۆۋرۈكى» دەپ قارالغان ئىدى. دەمەشىقتىكى ئەسەد رېجىمى يىقىلسا، ئىران بۇ ۋاكالەتچى كۈچلىرى بىلەن بولغان قۇرۇقلۇق ئالاقىسىنى يوقىتىپ قوياتتى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىراننىڭ ئىسرائىلىيەگە قارشى تۇرىدىغان ئاساسلىق قۇرۇقلۇق لىنىيەسىنى كېسىپ تاشلىغانلىق بولاتتى. نەتىجىدە، ئىراننىڭ سۈرىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا ھەربىي جەھەتتىن قاتنىششى رايونلۇق ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مەۋجۇتلۇق كۈرىشى سۈپىتىدە قارالغان ئىدى. تېھران رەھبەرلىكى ئەسەد ھۆكۈمىتى يىقىلسا، ئىران-ئىسرائىلىيە-ئامېرىكا ئارىسىدىكى ئۈچ تەرەپلىك تەڭپۇڭلۇق ئىراننىڭ زىيىنىغا بولىدۇ دەپ قارىدى، شۇڭا سۈرىيەنى ساقلاپ قېلىشنى ئاداققىچە قىلىشقا تېگىشلىك جەڭ دەپ بەلگىلىدى.

## رۇسىيە بىلەن بولغان «مەنپەئەت تويى»

2015-يىلىغا كەلگەندە، ئىران سۇرىيەدىكى «مۇداپىئە زەنجىرى»نى ساقلاپ قېلىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولۇش گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان ئىدى، چۈنكى دەمەشقتىكى ئالەۋى رېجىمى يىقىلىش ئالدىدا تۇراتتى. تېھران ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەدنىڭ يىقىلىشى مەۋجۇتلۇق خەۋپى ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر زەربە بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىران رەھبەرلىكى تاشقى سىياسەتتە ئابىدە خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش قىلدى. يەنى رۇسىيەنىڭ ھەربىي مۇداخىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئون يىلدىن ئارتۇق ئىزدەپ كەلگەن ئامېرىكا بېسىمىغا تاقابىل تۇرغۇچى كۈچ (تەڭپۇڭلۇق) نى قولىغا كەلتۈرمەكچى بولدى. رۇسىيەمۇ ئەسەد رېجىمىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆزىنىڭ يەرشارىۋى ئىستراتېگىيەسىگە ئۇيغۇن دەپ قارىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئەسەد ھاكىمىيىتىنى ۋەيرانچىلىقتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت جىددىي ئېھتىياج تۈرتكىسىدە بىر خىل «مەنپەئەت تويى» بارلىققا كەلدى. يەنى بۇ شېرىكچىلىك، ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ رايوندا ئۆز مەنپەئەتلىرىنى يالغۇز قوغدىيالمايدىغانلىقىنى ئۆزئارا تونۇپ يېتىشى نەتىجىسىدە تۇغۇلغان ئىدى.

بۇ ئىتتىپاقلىششتىكى ئەڭ بىرىنچى ئورتاق نىشان ۋەيران قىلىش ئەمەس، بەلكى رېجىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. ھەر ئىككى دۆلەت ئۇرۇشتىن كېيىنكى سۇرىيەنى كونا رېجىمنى تۆپتىن ۋەيران قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى كونا رېجىمنىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ، دەيدىغان قاراشتا بىرلىككە كەلدى. ھەر ئىككى دۆلەت سۇرىيە توقۇنۇشىنى ئامېرىكىنىڭ رايونلۇق زومىگەرلىكىگە خىرىس قىلىشنىڭ بىر يولى دەپ قارىدى. ئىران مەسلىھەتچىلىرى بۇ كۈرەشنى بىر «كىچىك دۇنيا ئۇرۇشى» دەپ تەسۋىرلىدى ھەمدە تېھران ئۈچۈن پايدىلىق نەتىجىگە ئېرىششتە رۇسىيەنىڭ مەدىتىنى زۆرۈر دەپ قارىدى. نەتىجىدە 2015-يىلى سېنتەبىردە رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەڭ مەيدانلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش جەريانىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەربىي ۋە دىپلوماتىك ماسلىشش دەۋرىنى قوزغىدى.

گەرچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تاكتىكىلىق ھەمكارلىق بولسىمۇ، موسكۋا بىلەن تېھراننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. بۇ زىتلىق مۇنداق بىر قانچە جەھەتتە گەۋدىلىنەتتى؛

**1. يەر شارى خاراكتېرلىك ۋە رايونلۇق نىشان:** ئىراننىڭ سۇرىيەدىكى مەنپەئىتى ئۆزىنىڭ رايونلۇق ئۈستۈنلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ۋاكالەتچى كۈچلەر تورىنى ساقلاشقا ئىدى. رۇسىيەنىڭ مەنپەئىتى بولسا سۇرىيەنى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچكە ئىگە دۇنياۋى كۈچ ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك مۇرەسسەچى سۈپىتىدە قايتىدىن تىكلەش پىلانىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى.

**2. ئىسرائىلىيەگە تۇتقان پوزىتسىيە:** رۇسىيە ئىسرائىلىيەگە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى بولۇپمۇ سۇرىيەدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيەنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالمايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەن ئىدى. بۇ ئىراننىڭ سۇرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھىزبۇللاھ ۋە ئىسرائىلىيە چېگرىسىغا تېخىمۇ ئاسان يېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك نىشانىغا تۆپتىن زىت ئىدى.

**3. رايونلۇق تەڭپۇڭلۇق:** رۇسىيە ئىران بىلەن ئەتراپلىق ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق تۈزۈشنى خالاپ كەتمەيتتى، چۈنكى رۇسىيە ئۆزىنىڭ «شىئە لاگېرى» نىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە كۆرۈلۈشنى خالىمايتتى. موسكۋا چوقۇم سۈننىي مەزھەپى يېتەكچىلىكىدىكى پارس قولتۇق دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى 15 مىليون سۈننىي نوپۇسىنىڭ پوزىتسىيەسىنى دىققەتكە ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى.

**4. ئەسەد ھاكىمىيىتى ئىچىدىكى ئىككى دۆلەت رىقابىتى:** توقۇنۇش ئاخىرلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنسېرى، ئىككى شېرىك ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي تەرەپلەردە رىقابەتچىگە ئايلاندى. سۇرىيەنىڭ بەزى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى رۇسىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئالاھىدە قارشى ئالدى، چۈنكى ئۇلار بۇنى ئىراننىڭ سۇرىيە ئارمىيەسى ئۈستىدىكى تەسىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسى دەپ قارىغان ئىدى. رۇسىيە ئىراننىڭ ئىران-ئىراق-سۇرىيە-ئوتتۇرا دېڭىز گاز تۇرۇبا يولى پىلانىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى بۇ رۇسىيەنىڭ ئېنېرگىيە مەنپەئەتىگە رىقابەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە كېلىپ ھەر ئىككى دۆلەت ئۇرۇشتىن كېيىنكى سۇرىيەنى قايتا قۇرۇش جەھەتتە كۆپرەك ھەسسىگە ئىگە بولۇش كويىدا ئىدى. شۇڭا كەلگۈسىدە كىمنىڭ سۇرىيە ئىقتىسادىنى كونترول قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە رىقابەتلىشىشى كېرەك ئىدى.

2018-يىلىغا كەلگەندە، ئىراننىڭ تاشقى سىياسىتى بىر ئايلانمىنى تاماملىدى. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو كېلىشىمىدىن چېكىنىشى رۇھانىي دەۋرىنىڭ غەرب بىلەن يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈمىدىنى سۇغا چىلاشتۇردى. بۇ ئىران كونسېرۋاتىپلىرىنىڭ ئىراننى «مۇھاسىرىدىكى قورغان» دەپ قارايدىغان كۆز قارىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. دىپلوماتىك يولنىڭ مەغلۇب بولۇشى بىلەن بۇ كونسېرۋاتىپلار پات-پات دەپ تۇرىدىغان «مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش – تۈگىمەس كۈرەش ئىچىدىكى ۋاقىتلىق بىر تىنىش خالاس» دەيدىغان قارىشىنى تېخىمۇ كۈچەپ تەشۋىق قىلدى.

قىرىق يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىران ئىنقىلاب ئېكسپورت قىلغۇچى جىھادچى بىر كۈچتىن، يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، غەربنىڭ سىستېمىسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشقا تىرىشىش، مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ، دائىشقا قارشى جەڭگە كىرىش، رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش قاتارلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى ساقلايدىغان پىراگماتىك رايونلۇق كۈچكە ئايلاندى. گەرچە «ئۈچىنچى يول»دىن «مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ» ۋە «مۇداپىئە زەنجىرى»گىچە بولغان كونكرېت دوكتېرىنىلار ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىراننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولۇش قاتارلىق مەركىزىي نىشان ئىران ئىستراتېگىيە تەپەككۇرىنىڭ ئۆزگەرمەس تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


- Abrahamian, E. (2013). The coup: 1953, the CIA, and the roots of modern U.S.-Iranian relations. The New Press
- Abrahamian, Ervand. 2009. «Mass Protests in the Islamic Revolution, 1977–79.» in Civil Resistance and Power Politics: The Experience of Non-violent Action from Gandhi to the Present, edited by A. Roberts and T. G. Ash. Oxford: Oxford University Press
- Afkhami, Gholam-Reza (2009). The Life and Times of the Shah. University of California Press
- Amanat, Abbas, (2017). Iran: A Modern History. Yale University Press
- Ansari, A. M. (2001). The Myth of the White Revolution: Mohammad Reza Shah, “Modernization” and the Consolidation of Power. Middle Eastern Studies, 37(3), 1–24. http://www.jstor.org/stable/4284172

- Ansari, A. M. (2007). Modern Iran: The Pahlavis and after. Pearson Longman
- Bonakdarian, M. (2006). Britain and the Iranian Constitutional Revolution of 1906–1911: Foreign policy, imperialism, and dissent. Syracuse University Press
- Curtis, G. E., & Hooglund, E. (Eds.). (2008). Iran: A country study (5th ed.). Library of Congress
- Dunn, J. P. (2023). Iranian Revolution. EBSCO Knowledge Advantage. https://www.ebsco.com/research-starters/history/iranian-revolution
- Elhan, N., & Karaoğlu, O. (2022). Uluslararası Dostluk Çerçevesinde Türkiye-İran İlişkileri: Mustafa Kemal Atatürk ve Rıza Şah Pehlevi. İran Çalışmaları Dergisi, 6(2), 203-226. https://doi.org/10.33201/iranian.1179401
- Filseth, T. (2022, January 1). How America's F-14 Tomcats saved Iran from destruction. The National Interest. https://nationalinterest.org/blog/reboot/how-americas-f-14-tomcats-saved-iran-destruction-198710
- Katouzian, H. (2009). The Persians: Ancient, mediaeval and modern Iran. Yale University Press
- Kinzer, S. (2003). All the Shah's men: An American coup and the roots of Middle East terror. John Wiley & Sons
- Milani, A. (2011). The Shah. Palgrave Macmillan
- Yergin, D. (2008). The Prize: The epic quest for oil, money & power. Free Press
- Sciolino, E. (2005). Persian mirrors: The elusive face of Iran. Free Press
- Zhou, J. The party that toppled a dynasty and changed the Middle East forever. Young Diplomats Society, https://www.theyoungdiplomats.com/post/the-party-that-toppled-a-dynasty-and-changed-the-middle-east-forever
- Mohammed Nuruzzaman, (2019). The Iranian Revolution at 40: Shifting Grounds, Continuing Resilience, E-International Relations, https://www.e-ir.info/2019/03/14/the-iranian-revolution-at-40-shifting-grounds-continuing-resilience/


## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/02/15/iran_islam_jumhuriytining_tashqi_siyasiti/

ئۆتۈكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى

ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى